رَبَّى يُرَبِّي تَرْبِيَةً الْأَبُ الْوَلَدَ: دادا بالىنى تەربىيىلىدى، باقتى.

«وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا» (قرآن) : ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم ! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگەندەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن » دېگىن.

رَبَّى الشَّخْصُ الْمَالَ: مالنى ئۆستۈردى، كۆپەيتتى.

رَبَّى يُرَبِّي تَرْبِيَةً: كىچىك بالىنى ئەقلىي جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ ئۆستۈردى.

رَبَّى الْمَاشِيَةَ: چارۋىنى باقتى.

رَبَّى الثَّمْرَ بِالسُّكَّرِ: مۇراببا سالدى.

رِبِّيٌّ ج رِبِّيُّونَ: ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە بېرىلگەن خۇداگۇي.

«وَكَأَيِّنْ مِنْ نَبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ» (قرآن) : نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى.

رَبِّيلٌ ج رَبَابِيلُ: يولۋاس؛ ئالاقانات، لۆكچەك.

رَبِتَ يَرْبَتُ رَبَتًا: سۆزلەشكە قادىر بولالمىدى.

رَبِحَ يَرْبَحُ رِبْحًا تِجَارَتُهُ: تىجارىتىدە پايدا ئالدى.

«أُولَئِكَ الَّذِينَ اشْتَرَوُا الضَّلاَلَةَ بِالْهُدَى فَمَا رَبِحَتْ تِجَارَتُهُمْ» (قرآن) : ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ گۇمراھلىقنى ئالدى، شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى.

رَبَحٌ : ئىتتاش مايمۇن.

رِبْحٌ ج أَرْبَاحٌ: پايدا، مەنپەئەت، نەپ، ھايات.

رِبْحٌ إِجْمَالِيٌّ: ئومۇمىي پايدا.

رِبْحٌ صَافٍ: ساپ پايدا.

رِبْحُ الْمَالِ: مالنىڭ پايدىسى، ئۆسۈمى، پىرسەنتى.

رِبْحٌ بَسِيطٌ: مەبلەغنىڭ پايدىسى.

رِبْحٌ مُرَكَّبٌ: مەبلەغنىڭ پايدىسى ۋە شۇ پايدىدىن كىرگەن پايدا.

اَلْأَرْبَاحُ الْفَاحِشَةُ: يۇقىرى ئۆسۈم، چوڭ پايدا.

اَلْأَرْبَاحُ الشَّرْعِيَّةُ: قانۇنلۇق پايدا.

اَلْأَرْبَاحُ الْمُتَوَسِّطَةُ: ئوتتۇرىچە پايدا.

اَلْأَرْبَاحُ الْأُسْطُورِيَّةُ: كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك يۇقىرى پايدا.

حِسَابُ الْأَرْبَاحِ وَالْخَسَائِرِ : پايدا ـ زىيان ھېساباتى.

رَبَدَ يَرْبُدُ رُبُودًا: توختاپ قالدى، تۇرۇپ قالدى.

رَبِدَ يَرْبَدُ رُبْدَةً: كۈلرەڭ بولدى، قارا ئۆستىگە قىزىل ۋە ئاق چېكىتلەر ئارىلاشتى.

رُبْدَةٌ ج رُبَدٌ: كۈلرەڭ، خۇنۇك، توپارەڭ.

رَبْدَاءُ: ئالچىپار، بوزرەڭ.

شَاةٌ رَبْدَاءُ: قارا، قىزىل ۋە ئاق رەڭ ئارىلاشقان ئالا قوي.

رَبِذَ يَرْبَذُ رَبَذًا: يېنىك ئىشلىدى، ئەپچىل ئىشلىدى.

رَبِذَ الرَّجُلُ فِي الْمَشْيِ : يېنىك ماڭدى.

رَبَسَ يَرْبُسُ رِبْسًا: ئۇردى، ئەستەك سالدى، شاپلاقلىدى.

رُبْسٌ: يامان ئىش، ئەسكى ئىش؛ كۆپ، نۇرغۇن،

بىر تالاي.

رَبَسَاءُ ج رُبْسٌ : قاتتىق مۇسىبەت.

رَبِشَ يَرْبِشُ رَبَشًا الْأَرْضُ: زېمىن يېشىللىققا چۆمۈلدى، يېشىللىققا پۈركەلدى.

اَلرَّبْشَاءُ: يېشىللىققا چۆمۈلگەن زېمىن.

رَبَصَ يَرْبُصُ رَبْصًا: كۈتتى، ساقلىدى، مۈنتەزىر بولدى، پايلاپ تۇردى.

رَبَضَ يَرْبِضُ رَبْضًا و رُبُوضًا الْحَيَوَانُ: ھايۋان تىزلاندى، چۆكتى، يۈكۈندى.

«**رَبَضَ الْأَسَدُ عَلَى فَرِيسَتِهِ**» : يولۋاس ئوۋ ئۈستىگە تاشلاندى.

رَبَضَ الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ أَوْ فِي الْمَكَانِ: تۇرۇپ قالدى، يەرلىشىپ قالدى.

رَبَضٌ ج أَرْبَاضٌ: قوي قوتىنى، ئېغىل ئەتراپى.

رَبَضُ الْمَدِينَةِ: شەھەر ئەتراپى، شەھەر سىرتى.

أَرْبَاضُ الْقَرْيَةِ: كەنت ئەتراپى.

رُبْضَةٌ: ئېغىل، قوتان.

رَبَطَ يَرْبُطُ و يَرْبِطُ رَبْطًا الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى باغلىدى، ئۇلىدى.

«**وَلِيَرْبِطَ عَلَى قُلُوبِكُمْ وَيُثَبِّتَ بِهِ الْأَقْدَامَ**» «قرآن» : (ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن ، قەدەمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن.

رَبَطَ الضَّرِيبَةَ عَلَى الْمُمَوِّلِ: باجنىڭ مىقدارىنى بېكىتتى.

رَبَطَ النَّظَرِيَّةَ بِالْعَمَلِ: نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلىدى.

رَبَطَ عَلَى: باغلىدى، يۆگىدى، ئورىدى.

رَبَطَ الْجُرْحَ: يارىنى تاڭدى.

رَبَطَ اللِّسَانَ: كېكەچلىدى.

«**رَبَطَ اللّٰهُ عَلَى قَلْبِهِ**» : ئاللاھ ئۇنى سەۋرلىك قىلدى، ئاللاھ ئۇنىڭ دىلىغا خاتىرجەملىك بېغىشلىدى.

رَبَطَ نَفْسَهُ عَنِ الْفُجُورِ: ئۆزىنى گۇناھدىن مەنئى قىلدى، ئۆزىنى گۇناھدىن توستى، ئۆزىنى گۇناھدىن چەكلىدى.

رَبَطَ الشَّخْصَ عَلَى الْأَمْرِ: ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

«**مِنَ اللَّازِمِ أَنْ يُرْبَطَ الْحَبْلُ بِشِدَّةٍ**» : ئارغامچا چىڭ چىگىلىشى كېرەك.

اِرْبِطْ لِسَانَكَ: تىلىڭنى تارت، جىم تۇر.

رَبْطٌ: باغلىماق، تاڭماق، چىگمەك، ئۇلىماق.

رَبْطُ الْأُجْرَةِ: مۇقىم ئىش ھەققى.

رَبْطُ الْأَمْوَالِ: باج ئالماق.

رَبْطٌ ج رَبَطَاتٌ: رايون، ئوچاستكا، كوچا؛ رەستە، جاي، بۆلەك.

رَبْطَةٌ ج رَبَطَاتٌ و رُبَطٌ: باغلام، تېڭىق، دەستە، چىگمەك، بوغقۇچ.

رَبْطَةُ السَّاقِ: پايپاق بوغقۇچ.

رَبْطَةُ الْعُنُقِ : گالستۇك.

رَبَعَ يَرْبَعُ و يَرْبِعُ رَبْعًا شَخْصًا : مېلىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالدى.

رَبَعَ الثَّلَاثَةَ: تۆتىنچىسى بولدى.

رَبَعَ الشَّخْصُ الْحَجَرَ: كۈچىنى سىناش ئۈچۈن تاشنى كۆتۈردى.

رَبَعَ يَرْبَعُ رُبُوعًا الرَّبِيعُ: باھار كەلدى.

رَبَعَ الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ: مەلۇم جايدا تۇردى، يەرلەشتى، تۇرۇپ قالدى.

رَبَعَ الْمَكَانُ: جاي مول بولدى، مولچىلىق بولدى، باياشات بولدى.

رَبَعَتِ الْإِبِلُ: تۆگە يايلاقتا ئەركىن ئوتلىدى.

رَبَعَتِ الدَّابَّةُ: ئۇلاغ چاپتى.

رَبَعَتْ عَلَيْهِ الْحُمَّى: قىزىتمىسى تۆت كۈندە بىر قوزغالدى.

اِرْبَعْ عَلَى نَفْسِكَ: ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇر.

رَبَعَ. رَبْعَةُ الْقَامَةِ: ئوتتۇرا بوي.

رِبْعٌ ج أَرْبَاعٌ وَ رُبُوعٌ وَرِبَاعٌ وأَرْبُعٌ: كىشىلەر توپى، جامائە، بىر توپ كىشى.

حُمَّى الرِّبْعِ: قايتىلما كېزىك.

رَبْعٌ ج رُبُوعٌ وَرِبَاعٌ: ئەتىيازدا تۇرۇشقا خاس جاي، يازلىق ساراي؛ چوڭ ساراي، چوڭ قورۇ ۋە

ئۇنىڭ تەۋەلىكى ھەم ئەتراپى، ئائىلە ـ تاۋابىئات، قەۋم ـ قېرىنداشلار؛ مەھەللە؛ ئوتتۇرا بوي.

«أَقَمْنَا سُورًا حَوْلَ رَبْعِنَا» : بىز ئۆينىڭ ئەتراپىغا تام ئەتتۇق.

رُبْعٌ ج أَرْبَاعٌ: تۆتتىن بىر.

«وَلَهُنَّ الرُّبْعُ مِمَّا تَرَكْتُمْ إِنْ لَمْ يَكُنْ لَكُمْ وَلَدٌ» «قرآن» : ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراستىن تۆتتىن بىرى تېگىدۇ.

رُبْعٌ: پەسىل.

رُبْعٌ سَنَوِيٌّ: پەسىللىك.

رُبْعُ الدَّائِرَةِ: چارەك.

«إِنَّ الْوُصُولَ إِلَى بَيْتِهِ لاَ يَسْتَغْرِقُ سِوَى رُبْعِ سَاعَةٍ» : بۇ يەردىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا پەقەت چارەك سائەتلا كېتىدۇ.

رَبْعَةٌ ج رَبَعَاتٌ: ئوتتۇرا بوي.

رُبْعَةٌ: تۆتتىن بىر.

رُبْعِيٌّ: پەسىللىك.

رُبْعِيَّةٌ: پەسىللىك.

رَبَغَ يَرْبَغُ رَبْغًا الْقَوْمُ فِي النَّعِيمِ: باياشات تۇرمۇش كەچۈردى، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى.

رَبُغَ يَرْبُغُ رَبَاغَةً الشَّيْءُ: كۆپەيدى، كۆپ بولدى.

رَبِغَ يَرْبَغُ رَبَغًا عَيْشُهُ: تۇرمۇشى پاراۋانلاشتى، كەڭ بولدى.

رَبِغٌ: ھاياسىز، يۈزى قېلىن، قىلىقسىز.

رَبَقَ يَرْبُقُ و يَرْبِقُ رَبْقًا الرَّجُلُ دَابَّةً: ئارغامچا بىلەن ھايۋاننى باغلىدى.

رِبْقٌ ج أَرْبَاقٌ وَ رِبَاقٌ: سىرتماق، كەمەن، ئارقان، سالما، قاپقان.

هُوَ فِي رِبْقِ الْحَيَاةِ: ئۇ ھېلىمۇ ھايات.

رِبْقَةٌ ج رِبَاقٌ وَرِبَقٌ: ئېغىرچىلىق، قىيىن كۈنلەر، خاپىلىق.

رِبْقَةُ الْإِسْتِعْمَارِ: جاھانگىرنىڭ سىرتمىقى.

حَلَّ رِبْقَتَهُ: ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇشكۇلاتلارنى ئاسانلاشتۇردى.

رَبِكَ يَرْبَكُ رَبَكًا: قايمۇقتى، ئالاقزادە بولدى، تەمتىرەپ قالدى، گاڭگىراپ قالدى؛ مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى، قالايمىقان بولۇپ كەتتى.

رَبَكَ يَرْبُكُ رَبْكًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، نەرسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى.

رَبَكَهُ: ئۇنى پاتقاققا ئىتتىرىۋەتتى.

رَبَكٌ: گاڭگىراش، تەمتىرەش.

رَبَلَ يَرْبُلُ و يَرْبِلُ رَبْلاً الْقَوْمُ: كۆپەيدى، نەسلى ئاۋۇدى.

رَبَلَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال سەمرىپ كېلەڭسىز بولۇپ قالدى.

رَبِلٌ: سېمىز، سېمىزلىك.

رَبْلَةُ السَّاقِ ج رَبَلاَتٌ: پاچاق مۇسكۇلى.

رَبْوٌ ج أَرْبَاءٌ: دەم سىقىلىش كېسىلى، زىققا.

اَلرَّبْوُ الشُّعَبِيُّ: كاناي ياللۇغى.

رُبُوبَةٌ: خوجايىنلىق.

رُبُوبِيَّةٌ: پەرۋەردىگارلىق.

«لِلّٰهِ الرُّبُوبِيَّةُ الْكَامِلَةُ» : مۇكەممەل پەرۋەردىگارلىق ئاللاھقا خاستۇر.

رِبْوَةٌ ج رُبًى: تۆپىلىك، ئېگىزلىك.

رِبْوَةٌ ج رِبًى: ئون مىڭ، بىر تۈمەن.

رَبْوَةٌ: بىر مىليون، مىليونلىغان؛ ئېگىز جاي، تۆپىلىك، ئېگىزلىك.

«وَآوَيْنَاهُمَا إِلَى رَبْوَةٍ ذَاتِ قَرَارٍ وَمَعِينٍ» «قرآن» : ئۇلارنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق.

رَبُوضٌ ج رُبُضٌ: چوڭ دەرەخ، ئاھالىسى كۆپ كەنت.

رَبُونٌ: كاپالەت، كاپالەت نەرسە.

رِبَوِيٌّ: جازانىغا مەنسۇپ، ئۆسۈمگە تەۋە.

«حَرَّمَ الْإِسْلاَمُ الْمُعَامَلاَتِ الرِّبَوِيَّةَ» : ئىسلام دىنى جازانىۋى مۇئامىلىنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلغان.

رَبِيَ يَرْبَى رَبْوًا و رُبُوًّا و رَبَاءً و رَبِيًّا

الصَّغِيرُ: بالا ئۈسۈپ يېتىلدى.

رَبِيبٌ ج أَرِبَّاءُ وَ أَرِبَّةٌ: ئۈگەي ئوغۇل.

رَبِيبَةٌ ج رَبِيبَاتٌ و رَبَائِبُ: ئۈگەي قىز.

«وَرَبَائِبُكُمُ اللَّاتِي فِي حُجُورِكُمْ مِنْ نِسَائِكُمُ اللَّاتِي دَخَلْتُمْ بِهِنَّ» «قۇرئان»: سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس ، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىشى هارام قىلىندى.

رَبِيثَةٌ ج رَبَائِثُ: مەقسەتكە يېتىشتە توسالغۇ بولىدىغان نەرسە؛ ئالدامچىلىق، هىيلىگەرلىك.

رَبِيحٌ: پايدىلىق مال ياكى ئىش.

رَبِيسٌ: قەهرىمان، باتۇر؛ بالايىئاپەت، بەختسىزلىك، پالاكەتچىلىك.

رَبِيضٌ: مال پادىسى، قوي پادىسى.

رَبِيطٌ: باغلاپ قويۇلغان، باغلانغان؛ زاهىد، راهىب، دانا، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى.

رَبِيطَةٌ ج رَبَائِطُ: باغلاپ قويۇلغان ئۇلاغ.

رَبِيعٌ ج أَرْبِعَةٌ: باهار پەسلى، ئەتىياز، كۆكلەم.

«فِي الرَّبِيعِ تَتَفَتَّحُ الْأَزْهَارُ»: باهاردا گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىدۇ.

«أَنْبَتَ الرَّبِيعُ الزَّهْرَ»: ئەتىيازدىكى يامغۇر گۈللەرنى ئۆستۈردى.

رَبِيعُ الْأَوَّلِ: هىجرىيە 3- ئاي رەبىيئۇل ئەۋۋەل ئېيى.

رَبِيعُ الثَّانِي أَوْرَبِيعُ الْآخِرِ: هىجرىيە 4- ئاي، رەبىيئۇسسانى، رەبىيئۇلئاخىر.

زَهْرَةُ الرَّبِيعِ: نورۇزگۈل.

رَبِيعَةٌ: گۈللۈك، گۈللۈك باغچا.

رَبِيعِيٌّ: ئەتىياز، باهار پەسلى، باهار پەسلىنىڭ، باهار پەسلىلىك.

رَبِيقَةٌ: سالما بىلەن تۇتۇلغان ياۋايى هايۋان.

رَبِيكٌ: قېتىقتا سېرىق ماي، خورما ۋە سۇ قويۇپ ئېچىلىدىغان ئېچىملىك.

الرَّبِيكُ مِنَ الرِّجَالِ: مالىماتالاڭ ئادەم.

رَبِيكَةٌ ج رَبَائِكُ: لاي سۇ؛ سۈيۈق قايماق؛ مالىماتالاڭ ئىش، مۇجمەل ئىش.

رَبِيلٌ: سېمىز ؛ يالغۇز بولاقچى.

رَبِيلَةٌ: باياشات، مول، سېمىزلىك، هۆلچىلىك.

رَبِيٌّ. رَبِيئَةٌ ج رَبَايَا: رازۋېدكىچى قوشۇن.

رِتَاجٌ ج رُتُجٌ: دەرۋازا، چوڭ ئىشىك، قوۋۇق، دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى.

رَتَاجَةٌ ج رَتَائِجُ: ئۆتكەل، مۇهىم ئېغىز؛ تاش؛ چىغىر يول.

رَتَبَ يَرْتُبُ رَتْبًا وَ رُتُوبًا وَرَتَابَةً فِي الصَّلَاةِ: نامازدا تۈز تۇردى؛ نامازدا قىيامدا تۇردى.

رَتَبَ الشَّيْءَ: مۇستەهكەم بولدى، مۇقىم بولدى، چىڭ تۇردى.

رَتَبَ الْأَمْرُ: ئىش مۇقىملاشتى.

رَتَبَ الشَّخْصُ بِالْبَلَدِ: مەلۇم شەهەردە تۇرۇپ قالدى، يەرلىنىپ قالدى.

رَتَبٌ: كۆتۈرۈپ چىقماق.

رَتَبٌ: ئادەتتىكى، تېتىقسىز، مەنىسىز، بىرلا خىل.

رُتْبَةٌ ج رُتَبٌ: تۇر، كاتېگورىيە؛ دەرىجە، مەرتىۋە، ئورۇن، ئۇنۋان.

«لَكَ فِي نَفْسِي رُتْبَةٌ عَالِيَةٌ»: سېنىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنۇڭ يۇقىرى.

رُتْبَةُ الشَّرَفِ: ئۇستۇنلۇك دەرىجىسى.

رُتْبَةُ الْعَشَرَاتِ: ئونلار خانىسى، ئونلۇق سان.

رُتْبَةُ الْمِئَاتِ: يۈزلەر خانىسى، يۈزلۈك سان.

رُتْبَةُ الْجَامِعِيَّةِ: ئىلمىي ئۇنۋان.

رُتْبَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ: هەربىي ئۇنۋان.

رَتَّ يَرِتُّ رَتَّةً وَرَتَتًا الشَّخْصُ: كېكەچلەندى، تۇتۇتلىدى.

رَتَّبَ يُرَتِّبُ تَرْتِيبًا الشَّيْءَ: ئورۇنلاشتۇردى، مۇقىملاشتۇردى.

رَتَّبَ الرَّجُلَ: ئۇز ئورنىغا قويدى، بېكىتتى.

رَتَّبَهُ: ئۇنى رەتلىدى، تەرتىپكە سالدى، ئورۇنلاشتۇردى.

«رَتَّبَ كُتُبَهُ فِي الْخِزَانَةِ»: جاۋەندىكى كىتاب-

لىرىنى رەتلىدى.

رَتَّبَ الْجُنْدَ: قوشۇننى تەرتىپكە سالدى.

رَتَّبَ عَلَى الْحُرُوفِ الْهِجَائِيَّةِ: ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزدى.

«رُتِّبَ لَهُ مِائَةُ دِينَارٍ فِي الشَّهْرِ»: ئۇنىڭغا ئايدا يۈز دىنار بېرىش قارار قىلىندى.

رَتَّلَ يُرَتِّلُ تَرْتِيلاً الْقَارِئُ الْقُرْآنَ: قۇرئاننى تەجۋىد بىلەن ئوقۇدى.

«رَتِّلْ عَلَى مَسَامِعِكُمْ»: قۇرئان كەرىمنى سىلەرگە تىلاۋەت قىلىپ بەردى، قۇرئان كەرىمنى سىلەرگە ئوقۇدى. (رادىئودا قۇرئان كەرىم ئوقۇلۇپ ئاياغلاشقاندا ئېيتىلىدىغان سۆز).

«وَرَتِّلِ الْقُرْآنَ تَرْتِيلاً» ‹قرآن›: قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (دانه ـ دانه) ئوقۇغىن.

رَتَجَ يَرْتُجُ رَتْجًا الْبَابَ: ئىشىكنى تاقىدى، ئىشىكنى ياپتى.

رَتَجَ يَرْتُجُ رَتَجَانًا الْوَلَدُ: بالا ئاستا تەمتىرەپ ماڭدى.

رَتِجَ يَرْتَجُ رَتَجًا: تۇساتتىن توختاپ قالدى، سۆزلەش قىيىن كەلدى.

رَتِجَ الْخَطِيبُ: سۆزلىگۈچىگە سۆز قىيىن كەلدى.

رِتَاجٌ: قاتنىغىلى بولمايدىغان يول، ماڭغىلى بولمايدىغان يول؛ ئامانەت قويۇلغان پۇل، زاپاس پۇل، ساقلانغان پۇل.

رَتَخَ يَرْتَخُ رُتُوخًا الْعَجِينُ: خېمىر بوش بولۇپ قالدى.

رَتَخَةٌ: پاتقاق.

رَتَعَ يَرْتَعُ رَتْعًا وَ رُتُوعًا: باياشات ياشىدى، يايرىدى، ئويناپ ـ كۈلدى، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈردى.

«أَرْسِلْهُ مَعَنَا غَدًا يَرْتَعْ وَ يَلْعَبْ» ‹قرآن›: ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ ـ ئىچىپ ئويناپ ـ كۈلۈپ كەلسۇن.

رَتَعَتِ الْمَاشِيَةُ: ئۇلاغ ئوتلىدى.

رَتَقَ يَرْتُقُ و يَرْتِقُ رَتْقًا الشَّيْءَ: ياماق سالدى، يامىدى، تۈزىدى، رېمونت قىلدى، ئوڭشىدى، تىكتى.

رَتَقَ فَتْقَهُمْ: ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزىدى، ئۇلارنى ئەپلەشتۈردى.

رَتَقَ الشَّيْءَ: ئەتتى، توستى.

رَتْقٌ: ياماق، يامىماق؛ پۈتۈن، تولۇق، ھىم، تۇتاش.

«أَوَلَمْ يَرَالَّذِينَ كَفَرُوا أَنَّ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضَ كَانَتَا رَتْقًا فَفَتَقْنَاهُمَا» ‹قرآن›: كۇففارلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق.

رَتَكَ يَرْتُكُ و يَرْتِكُ رَتْكًا الْبَعِيرُ: تۆگە تېز ماڭدى.

رَتِلَ يَرْتَلُ رَتَلاً الشَّيْءُ: تەرتىپلىك بولدى، تىزىلدى.

رَتَّلَ يَرْتَلُ رَتَلاً الْكَلاَمَ: تەرتىپلىك سۆزلىدى.

رَتَلٌ ج أَرْتَالٌ: سەپ، قاتار، توپ، تۈركۈم (ئات ۋە ماشىنىلارنىڭ).

«تَجَمَّعَتْ أَرْتَالُ السَّيَّارَاتِ فِي نُقْطَةِ الْحُدُودِ اِنْتِظَارًا لِعُبُورِهَا»: چېگرا پونكىتىدا ئۆتۈشنى كۈتۈپ ماشىنىلار قاتار تىزىلىپ كەتتى.

رَتِلٌ: تەرتىپلىك، رەتلىك؛ چىرايلىق سۆز؛ ياخشى نەرسە؛ ئاپئاق رەتلىك چىش.

رَتَمَ يَرْتِمُ رَتْمًا الشَّيْءَ: سۇندۇرۇۋەتتى.

رَتَمَ فِي الْقَوْمِ: قەۋمنىڭ ئارىسىدا ئۆسۈپ يېتىلدى.

رَتَمَةٌ ج رَتَمٌ ورِتَامٌ: بارماققا چىگىلگەن ئەسلەش يىپى (ئىشنى بارماققا يىپ چىگىپ خاتىرىلەش).

رَتَنَ يَرْتُنُ رَتْنًا الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: ئارىلاشتۇردى، ئەپلەشتۈردى.

رُتُوَّةٌ: كىچىككىنە ۋاقىت؛ يۈكسەك شەرەپ، بۈيۈكلۈك؛ ھۆكۈمدار؛ ئالدىدىكى مەرتىۋە؛ قاتتىق چىڭلىك؛ قەدەم.

رُتُوعٌ: باياشات ياشىماق، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرمەك.

رُتُوقٌ: شان ـ شەرەپ، ئىززەت ـ ھۆرمەت.

رَتِيبٌ: ئاددى، ئېتىقسىز، مەنىسىز، بىر خىللا.

عَيْشٌ رَتِيبٌ: مەنىسىز تۇرمۇش، بىر خىللا

ئۆتىدىغان ئاددى تۇرمۇش.

حَرَكَةٌ رَتِيبَةٌ: مۇقىم ھەرىكەت، بىر خىل ھەرىكەت، ئۆزگەرمەس ھەرىكەت، ئادەتلەنگەن ھەرىكەت.

«لَقَدْ مَلَّ حَيَاتَهُ الرَّتِيبَةَ فَاعْتَزَمَ السَّفَرَ إِلَى الْخَارِجِ»: بىرلا خىل تۇرمۇشتىن زېرىكىپ سىرتقا چىقىشقا بەل باغلىدى.

رُتَيْلاءُ ج رُتَيْلَوَاتٌ: بىرخىل زەھەرلىك چولڭ ئۆمۈچۈك.

رَتِيمَةٌ ج رَتَائِمُ: بارماقتا چىگىلگەن ئەسلەش يىپى.

رَثَاءٌ: ماتەم تۇتماق، (مېيىتكە) يىغلىماق.

رَثَاثٌ: جۇل - جۇل كىيىم، ئەبجەق ئۆي سايمانلىرى.

«فِي هَذَا الْخَبَرِ رَثَاثَةٌ وَرَكَاكَةٌ»: بۇ خەۋەر گۇمانلىق، راستلىقىدا شەك بار.

رِثَانٌ: تۇرۇپ - تۇرۇپ ياغىدىغان يامغۇر، يامغۇر تامچىسى.

رِثَةٌ: مىراس.

رَثَّ يَرِثُّ رَثَاثَةً الشَّيْءُ: كونىرىدى، ئەسكىرىدى، چىرىدى.

رَثَّ الْحَبْلُ: ئارغامچا كونىرىدى.

رَثٌّ م رِثَّةٌ ج رِثَاثٌ: كونا كىيىم؛ كونا ئۆي سايمىنى، كونا ئۆي جاھازلىرى.

كَلَامٌ غَثٌّ وَ رَثٌّ: تۇترۇقسىز گەپ.

رَثَدَ يَرْثُدُ رَثْدًا الْمَتَاعَ: مال توپلىدى، دۆۋىلىدى، تىزدى.

رَثَدٌ: كونا ئۆي سايمان، كېرەكسىز نەرسە.

رَثَعَ يَرْثَعُ رَثْعًا: ئاچكۆز بولدى، نەپسانىيەتچىلىك قىلدى، تويمىغۇرلۇق قىلدى.

رَثَمَ يَرْثِمُ رَثْمًا الْأَنْفَ: بۇرنىنى قانىتىۋەتتى، كومشىرىنى يېرىۋەتتى.

رَثْمَةٌ ج رِثَامٌ: سىم - سىم يامغۇر.

رَثَى يَرْثُو رَثَاءً الصَّدِيقَ الْمَيِّتَ: مېيىتكە ماتەم تۇتتى، تەزىيە بىلدۈردى، مېيىتكە يىغلاپ ئارتۇقچىلىقىنى سانىدى.

رَثَاهُ بِمَرْثَاةٍ: ئۇنىڭغا مەرسىيە يازدى.

رَثَى لِحَالِهِ: ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى.

«أَصْبَحَ فِي حَالٍ يُرْثَى لَهَا»: كىشى ئىچى ئاغرىتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

رَثَاهُ بِقَصِيدَةٍ: تەزىيە قەسىدىسى يازدى، مەرسىيە يازدى.

رَثَاهُ بِكَلِمَةٍ: مەرسىيە نۇتقى سۆزلىدى.

رَثِي يَرْثَى رَثْيًا: زەئىپلىشىپ قالدى، كۈچىدىن قالدى، كۈچى يەتمىدى.

رَثْيٌ: ماتەم تۇتماق، (مېيىتكە) يىغلىماق.

رَثِيثَةٌ: ئەخمەقلىق، دۆتلۈك، دۆۋەڭلىك.

رَثْيَةٌ: رېماتىزم، بوغۇم ياللۇغى، ئۇگە ياللۇغى.

رَثِيثٌ ج رِثَاثٌ : جۇلجۇل كىيىم، كونا ئۆي سايمانلىرى، ئەسكى - تۈسكى؛ جېڭى تۈمشۈقىغا كېلىپ قالغان ياردار.

رَثِيثُ الْهَيْئَةِ: سالاپەتسىز، كىيىملىرى رەتسىز، ئۈستى - بېشى جۇل - جۇل.

رَثِيدٌ: كونا ئۆي سايمان، كېرەكسىز نەرسە.

رَثِيمٌ: يەنجىلىپ قان ئاققان بۇرۇن.

رَثِيَّةٌ: ئاجىزلىق، كۈچسىزلىك، زەئىپلىك، ئەخمەقلىق، رېماتىزم.

رَجَا يَرْجُو رَجَاءً: ئارزۇ قىلدى، ئۈمىد قىلدى، ئۈمىدۋار بولدى.

«أَرْجُوْ أَنْ تُتَرْجِمَ مِنَ الْفِقْرَةِ الْأُوْلَى حَتَّى الْخَامِسَةِ»: بىرىنچى ئابزاستىن 5 - ئابزاسقىچە سەن تەرجىمە قىلساڭمىكىن.

رَجَا لَهُ خَيْرًا: ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلىدى، ئامەت تىلىدى.

رَجَا الشَّيْءَ: قورقتى.

«وَمَا كُنْتَ تَرْجُو أَنْ يُلْقَي إِلَيْكَ الْكِتَابُ إِلَّا رَحْمَةً مِنْ رَبِّكَ» «قرآن»: سەن (پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغانىدىڭ، پەقەت پەرۋەردىگارىڭ رەھمەت قىلىپ ساڭا ئۇنى نازىل قىلدى.

يُرْجَى التَّفَضُّلُ بِالْعِلْمِ: مەلۇم بولغايكى، مەخپىي قالمىغايكى، جانابلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى.

رَجًا. رَجَاءٌ ج أَرْجَاءٌ: ئەتراپ، تەرەپ، دائىرە، رايون.

«وَالْمَلَكُ عَلَى أَرْجَائِهَا» «قرآن» : پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ.

وَاسِعُ الْأَرْجَاءِ: دائىرىسى كەڭ، كەڭ كۆلەملىك.

فِي أَرْجَاءِ الْبِلَادِ: مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا.

مَكَانٌ مُتَّسَعُ الْأَرْجَاءِ: ئەتراپى كەڭ كەتكەن جاي.

رَجَاءٌ ج رَجَوَاتٌ: ئۈمىد، ئارزۇ، تىلەك.

قَطَعَ الرَّجَاءَ: ئۈمىد ئۈزدى، نائۈمىد بولدى، ئۈمىدسىزلەندى.

«أَتَيْتُهُ رَجَاءَ أَنْ يُحْسِنَ إِلَيَّ» : ماڭا ياخشىلىق قىلارمىكىن دەپ كېلىۋىدىم.

رَجَاةٌ: ئۈمىد، ئارزۇ، تىلەك.

رَجَاجٌ: ئورۇق ئاجىز ئادەم ياكى ھايۋان.

رَجَاجَةٌ: ئورۇق ئاجىز ئادەم ياكى ھايۋان، يولۋاس ئۇۋىسى.

رَجَاجِيلُ: پىيادە ئەسكەر.

رَجَاحَةٌ: ئەستايىدىل، جىددىي، بېسىپ چۈشمەك، ئۇستۇن كەلمەك؛ مۇلايىم.

رَجَاحَةُ الْعَقْلِ: چۈشەنچىسى چوڭقۇر.

«عُرِفَ عُمَرُبْنُ الْخَطَّابِ بِرَجَاحَةِالرَّأْيِ» : ئۆمەر ئىبنى خەتتاب پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن داڭلىق.

رُجَاحَةٌ: گۈلەڭگۈچ ئارغامچىسى.

رِجَازَةٌ: كاجىۋا.

رِجَالِيٌّ : ئەرلەرنىڭ ، ئەرلەرگە خاس ، ئەرەنچە.

«هَذَا الْمَحَلُّ لِبَيْعِ الْمَلَابِسِ الرِّجَالِيَّةِ» : بۇ ئەرلەر كىيىمىنى ساتىدىغان دۇكان.

رِجَامٌ: تاش.

«وَضَعُوا الرِّجَامَ فَوْقَ الْقَبْرِ» : قەبرە ئۈستىگە تاش قويۇشتى.

رَجَبَ يَرْجُبُ رَجْبًا و رُجُوبًا: ئۇيالدى، ھايا قىلدى، خىجىل بولدى، ئىزا تارتتى، ھېيىقتى، ئەيمەندى، قورقتى.

رَجِبَ يَرْجَبُ رَجَبًا: ئۇيالدى، ھايا قىلدى، خىجىل بولدى، ئىزا تارتتى، ئەيمەندى، قورقتى.

رَجَبٌ ج أَرْجَابٌ وَرِجَابٌ ورُجُوبٌ ورَجَبَاتٌ: رەجەب (ھىجرىيىنىڭ 7 ـ ئېيى) رەجەب ئاي.

اَلرَّجَبَانِ: رەجەب ۋە شەئبان ئېيى.

رُجْبَةٌ ج رُجَبٌ: تىرەك، دىيەك.

رَجَّ يَرُجُّ رَجًّا الشَّخْصَ الشَّيْءَ: مىدىرلاتتى، ھەرىكەتلەندۈردى، تەۋرەتتى، سىلكىدى.

رَجٌّ: تەۋرەتمەك، قاتتىق سىلكىمەك.

رَجَّاجٌ: تىترىگۈچى، تەۋرەتكۈچى، زىل ـ زىلىگە كەلتۈرگۈچى.

رَجَّاجَةٌ: تەۋرىتىش ئۈسكۈنىسى.

رَجَّاسٌ: شاۋقۇن ـ سۈرەن، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ.

رَجَّالَةٌ: پىيادە، يالاق.

رَجَّبَ يُرَجِّبُ تَرْجِيبًا: ئەيمەندۈردى، ئۇلۇغلىدى.

رَجَّةٌ ج رَجَّاتٌ: سىلكىمەك، تەۋرەتمەك.

«اِسْتَيْقَظْنَا عَلَى رَجَّةٍ عَنِيفَةٍ» : قاتتىق تەۋرەشتىن ئويغىنىپ كەتتۇق.

رَجٌّ: تەۋرەتمەك، قاتتىق سىلكىمەك.

«إِذَارُجَّتِ الْأَرْضُ رَجًّا» «قرآن» : . . . زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن چاغدا . . .

رَجَّحَ يُرَجِّحُ تَرْجِيحًا أَحَدَالرَّأْيَيْنِ عَلَى الْآخَرِ: ئىككى پىكىرنىڭ بىرىنى ئىككىنچىسىدىن ئۈستۈن قويدى.

رَجَّحَ الشَّيْءَ: ئۇنى تاللىدى، ئارتۇق كۆردى، ئۈستۈن كۆردى، ئەھمىيەت بەردى، تەكىتلىدى.

رَجَّعَ يُرَجِّعُ تَرْجِيعًاالشَّخْصَ: قايتۇردى، ياندۇردى.

رَجَّعَ الْمُؤْمِنُ عِنْدَالْمُصِيبَةِ: مۇسىبەت كەلگەندە مۆمىن ئادەم «قَالُوا إِنَّا لِلّٰهِ وَ إِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ» دېدى.

رَجَّعَ الْمُؤَذِّنُ فِي أَذَانِهِ: مەزىن ئەزان ئېيتقاندا، «كەلىمە شاھادەت» نى ئاۋازىنى بىر قېتىم تۆۋەن، بىر قېتىم يۇقىرى قىلىپ ئېيتتى.

رَجَّعَ فِي صَوْتِهِ: خور ئېيتتى، سازغا تەڭكەش

قىلىپ ناخشا ئېيتتى.

رَجَّلَ يُرَجِّلُ تَرْجِيلاً الشَّعْرَ: چېچىنى تارىدى.

رَجَّمَ يُرَجِّمُ تَرْجِيمًا الْقَبْرَ: قەبرە ئۈستىگە تاش قويدى.

رَجَّى يُرَجِّي تَرْجِيَةً الشَّخْصَ: ئۈمىدلەندۈردى.

رَجَحَ يَرْجِحُ و يَرْجُحُ و يَرْجَحُ رُجْحَانًا و رُجُوحًا الشَّيْءُ الْمِيزَانَ : تارازىنى بېسىپ كەتتى، ئېغىر كەلدى، ئېغىر بولدى.

رَجَحَ الشَّيْءَ بِيَدِهِ: نەرسىنى قولى بىلەن دەڭسىدى، بودىدى، مۆلچەرلىدى.

رَجَحَ عَقْلُهُ: ئەقلى توشتى.

رَجَحَ رَأْيُهُ: پىكرى ئۆتكۈر بولدى.

رَجَحَ الشَّخْصُ فُلاَنًا : تەمكىنلىكتە بېسىپ چۈشتى.

«رَجَحَتْ كَفَّةُ الْمِيزَانِ لَنَا» : بىز ئۈستۈنلۈك قازاندۇق.

«رَجَحَتْ إِحْدَى كَفَّتَيِ الْمِيزَانِ الْأُخْرَى أَوْ عَلَى الْأُخْرَى» : تارازىنىڭ بىر پەللىسى ئىككىنچى پەللىسىنى بېسىپ چۈشتى.

رُجْحَانٌ : بىر تەرەپكە ئاغماق، بىر تەرەپ بېسىپ كەتمەك، ئارتۇق كەلمەك.

«يَظْهَرُ رُجْحَانُ رَأْيِكَ عَلَى رَأْيِهِ» : سېنىڭ پىكرىڭنىڭ ئۇنىڭ پىكرىنى بېسىپ چۈشۈشى ئېنىق بولىۋاتىدۇ.

رَجَدَ يَرْجُدُ رَجَادًا: ئەنجىنى خامانغا توشىدى.

رَجْرَاجٌ : لىڭشىغۇچى، تىترىگۈچى، تەۋرىگۈچى، لاغىلدىغۇچى.

حَوْرٌ رَجْرَاجٌ: ئاق تېرەك.

فَتَاةٌ رَجْرَاجَةٌ: ئىرغاڭلىغۇچى قىز.

رَجْرَجَ يُرَجْرِجُ رَجْرَجَةً الشَّيْءَ: مىدىرلاتتى، لىڭشىتتى، تەۋرەتتى، ھەرىكەتلەندۈردى.

رَجَزَ يَرْجُزُ رَجْزًا الشَّاعِرُ: شائىر دېكلاماتسىيە قىلدى، شېئىر ئوقىدى.

رِجْزٌ: ئىپلاس، كىر، مەينەت، پاسكىنا، نىجىس؛ بۇتقا چوقۇنۇش؛ بالا؛ ئازاب، گۇناھ.

«لَئِنْ كَشَفْتَ عَنَّا الرِّجْزَ لَنُؤْمِنَنَّ لَكَ» «قرآن» : ئەگەر بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز.

رَجَزٌ ج أَرْجَازٌ: شېئىرنىڭ بىر خىل قاپىيىسى، شېئىردىكى رەجەز ۋەزنى.

رُجْزٌ: بۇتقا چوقۇنۇش.

«وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ وَالرُّجْزَ فَاهْجُرْ» «قرآن» : كىيىمىڭنى پاك تۇت، ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول.

رَجِسَ يَرْجَسُ ورَجُسَ يَرْجُسُ رَجْسًا ورَجَاسَةً الشَّيْءُ: سەت ئىش بولدى، مەينەت بولۇپ كەتتى، نىجىس بولدى.

رَجَسَ يَرْجُسُ رَجْسًا وَ رَجَاسَةً الشَّخْصُ: ئەسكى ئىش قىلدى.

رَجَسَ السَّمَاءُ: ھاۋا گۈلدۈرلىدى.

رِجْسٌ ج أَرْجَاسٌ: يامان ئەمەل، قەبىھ ئىش، ناچار قىلمىق، رەسۋاچىلىق، بۇزۇقچىلىق.

«وَيَجْعَلُ الرِّجْسَ عَلَى الَّذِينَ لاَ يَعْقِلُونَ» «قرآن» : (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە) پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئاللاھ ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ.

«إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنْصَابُ وَالْأَزْلاَمُ رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ» «قرآن» : ھاراق ئىچمىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىقلاردۇر.

رَجِسٌ: پاسكىنا، مەينەت، ناپاك.

رَجَعَ يَرْجِعُ رُجُوعًا و رَجْعًا : قايتتى، قايتىپ باردى، قايتىپ كەلدى، چېكىندى.

رَجَعَ إِلَى الْأَمْرِ: قايتىدىن باشلىدى.

رَجَعَهُ إِلَى بَلَدِهِ: ئۇنى يۇرتىغا قايتۇردى.

رَجَعَ عَلَيْهِ : مۇراجىئەت قىلدى.

رَجَعَ فِي كَلاَمِهِ: سۆزىدە تۇرمىدى، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلدى، كېلىشىمنى بۇزدى، لەۋزىدە تۇرمىدى.

رَجَعَ عَنْ عَزْمِهِ: ئىرادىسىدىن ياندى.

رَجَعَهُ عَنِ الشَّيْءِ : ئۇنى ۋاز كەچكۈزدى.

رَجَعَ النَّاظِرُ بَصَرَهُ: تەكرار قارىدى، قايتا ـ قايتا

قارىدى.

رَجَعَ الْقَهْقَرَى: كەينىچە چېكىندى.

رَجَعَ عَلَى فُلَانٍ: تەلەپ قىلدى.

رَجَعَ عَنْ غَيِّهِ: گۇمراھلىقتىن قايتتى، ناتوغرا يولدىن قايتتى.

رَجَعَ عَلَى عَقِبَيْهِ: قۇرۇق قول قايتتى.

رَجَعَ إِلَى نَفْسِهِ: ھوشىنى تاپتى.

رَجَعَ إِلَى الصَّوَابِ: توغرا يولغا قايتتى، توغرا دىنىنى تاپتى.

رَجَعَ إِلَى الْمُعْجَمِ: لۇغەتكە مۇراجىئەت قىلدى.

رَجَعَ اللّٰهُ الْمَيِّتَ: ئاللاھ ئۆلۈكنى تىرىلدۈردى.

رَجَعَ بِخُفَّيْ حُنَيْنٍ «مثل»: پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمىدى، قۇرۇق قول قايتتى، زىيان تارتتى.

رَجَعَ إِلَيْهِ فِي الْأَمْرِ: ئۇنىڭغا يۈزلەندى، ئۇنىڭغا تاياندى، مۇراجىئەت قىلدى.

رَجَعَتْ بِهِ الذَّاكِرَةُ: ئېسىگە كەلدى، يادىغا كەلدى.

«ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ» «قرآن»: ئاندىن ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن تىرىلدۈرىدۇ. ئاندىن سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر.

«وَأَخَذْنَاهُمْ بِالْعَذَابِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ» «قرآن»: ئۇلارنى (كۇفرىدىن) قايتسۇن دەپ (تۈرلۈك) ئازابلار بىلەن جازالىدۇق.

«فَارْجِعِ الْبَصَرَ هَلْ تَرَى مِنْ فُطُورٍ» «قرآن»: سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن.

رَجْعٌ ج رِجَاعٌ: يامغۇر، پايدا، مەنپەئەت، جاۋاب، قايتماق، ياغماق، چېكىنمەك.

«لَيْسَ لِي فِي فُلَانٍ رَجْعٌ»: مەن پالانىدىن ھېچقانداق پايدا كۆزلىمەيمەن.

«هَذَا رَجْعُ رِسَالَتِكَ»: بۇ سىنىڭ خېتىڭنىڭ جاۋابى.

رَجْعُ الصَّوْتِ: ئەكس سادا.

رَجْعُ السَّمَاءِ: يامغۇر.

رَجْعُ الْبَصَرِ: كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ۋاقىت، ئازغىنە ۋاقىت، بىر دەم.

«وَالسَّمَاءِ ذَاتِ الرَّجْعِ» «قرآن»: يامغۇرلۇق بۇلۇت بىلەن قەسەمكى.

«إِنَّهُ عَلَى رَجْعِهِ لَقَادِرٌ» «قرآن»: شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە (يەنى تىرىلدۈرۈشكە) قادىردۇر.

رُجْعَانٌ: خەتنىڭ جاۋابى.

رَجْعَةٌ ج رَجَعَاتٌ: بىر قېتىم قايتىش.

لَا رَجْعَةَ لَهُ: كەلمەسكە كېتىش، چېكىنىش، داجىش.

خَطُّ رَجْعَةٍ: چېكىنىش سىزىقى، چېكىنىش لىنىيىسى.

رُجْعَةٌ، رَجُوعَةٌ: خەتنىڭ جاۋابى.

رُجْعَى: خەتنىڭ جاۋابى؛ قايتىش.

«إِنَّ إِلَى رَبِّكَ الرُّجْعَى» «قرآن»: (ئى ئىنسان!) بارىدىغان يېرىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر.

رَجْعِيٌّ: ئەكسىيەتچىل، كونسېرۋاتىپ، كونىلىقنى ياقلىغۇچى، كونىلىققا ئېسىلىۋالغۇچى.

قَانُونٌ رَجْعِيٌّ: سۈرۈشتە قىلىش قانۇنى.

فِكْرٌ رَجْعِيٌّ: ئەكسىيەتچىل ئىدىيە.

بِأَثَرٍ رَجْعِيٍّ: بۇ قانۇن چىقىرىلىپ مۇئەييەن ۋاقىتقىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

«صَدَرَ هَذَا الْقَانُونُ بِأَثَرٍ رَجْعِيٍّ»: بۇ قانۇن مۇئەييەن مۇددەتكىچە كۈچكە ئىگە دەپ چىقىرىلىدۇ.

شَخْصٌ رَجْعِيٌّ: قالاق ئادەم.

طَلَاقٌ رَجْعِيٌّ: قويۇۋېتكەن ئايال بىلەن، ئىددەت مەزگىلىدە نىكاھ قىلماي، مەھرى بەرمەي يارىشىۋېلىش.

«لَا رَجْعِيَّةَ فِي الْقَرَارِ»: قاراردىن يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ.

رَجَفَ يَرْجُفُ رَجْفًا و رُجُوفًا الشَّيْءُ: تەۋرىدى، لىڭشىدى، مىدىرلىدى، داۋالغۇدى.

رَجَفَ الشَّخْصُ: لاغىلدىدى، تىترىدى.

رَجَفَتْ يَدُهُ: كېسەللىك ياكى ياش چوڭلۇقتىن

قولى تىترىدى.

رَجَفَتِ الْحُمَّى: قىزىتمىدىن تىترەپ كەتتى.

«يَوْمَ تَرْجُفُ الْأَرْضُ وَالْجِبَالُ» (قۇرئان): ئۇ كۈندە زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرىنىدۇ.

رَجَفَ بِكَذَا: پىتنە تېرىدى، يالغان - ياۋىداق خەۋەرلەرنى تارقاتتى.

رَجْفَةٌ ج رَجَفَاتٌ: تىترىمەك، سىلكىنمەك، يۈرەك سالماق، تەۋرىمەك.

«فَأَخَذَتْهُمُ الرَّجْفَةُ» (قۇرئان): ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى.

رَجْفَةٌ تَشَنُّجِيَّةٌ: پىيى تارتىشماق.

رَجِلَ يَرْجَلُ رَجَلاً الْمُسَافِرُ: مۇساپىر پىيادە ماڭدى، ياياق ماڭدى، يالاڭ ئاياغ ماڭدى، پۇتى ئاغرىدى، پۇتى چوقچىيىپ كەتتى.

رَجِلَ الْحَيَوَانُ: ھايۋاننىڭ بىر پۇتىنىڭ بىر قىسمى ئاق بولدى.

رَجُلٌ ج رِجَالٌ: ئەركىشى، ئەركەك.

رَجُلُ الْإِسْعَافِ: قۇتقۇزۇش خادىمى.

رَجُلٌ فِي الرِّجَالِ: ئوغۇل بالا، مەرد، نوچى يىگىت.

رَجُلُ الْبُولِيسِ: ساقچى.

رَجُلُ السَّاعَةِ: مۇئەييەن ۋاقىتتا ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئادەم.

رَجُلُ الْمَطَافِئِ: ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى.

رَجُلُ دَوْلَةٍ: دۆلەت رەھبىرى.

رَجُلُ الْعِلْمِ: ئۆلىما، ئالىم، بىلىملىك.

رَجُلُ السِّيَاسَةِ: سىياسىئون.

رَجُلُ الصَّحَافَةِ: مۇخبىر، ئاخبارات خادىمى، ژۇرنالىست.

رَجُلُ الْأَعْمَالِ: كارخانىچى، سودىگەر.

رَجُلُ نَكِرَاتٍ: نامسىز ئادەم، ئاددى ئادەم.

رَجُلٌ صَرِيحٌ: ئوچۇق - يورۇق ئادەم.

«أَنَّهُ رَجُلٌ صَرِيحٌ تَمَامًا لَايَسْتَطِيعُ أَنْ يُخْفِيَ شَيْئًا فِي قَلْبِهِ»: ئۇ تولىمۇ ئوچۇق - يورۇق ئادەم، كۆڭلىدە گەپ ياتمايدۇ.

رَجُلٌ جَمُوحٌ: نەپسى - خاھىشىغا بېرىلىپ كەتكەن ئادەم.

رَجُلُ سَفَرٍ: يولۇچى.

«هَذَاأَرْجَلُالرَّجُلَيْنِ»: بۇ ئەركەكنىڭ ئەركىكى.

رَجِلٌ ج رِجَالٌ: پىيادە، پىيادە يۈرگۈچى، ياياق.

«وَأَذِّنْ فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالاً» (قۇرئان): كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە كېلىدۇ.

كِبَارُ رِجَالِ الدَّوْلَةِ: دۆلەت ئەربابلىرى، دۆلەت رەھبەرلىرى.

رِجَالٌ ج رِجَالَاتٌ: ئەرباب.

«أُقِيمَتْ إِحْتِفَالَاتٌ بِمُنَاسَبَةِ الْعِيدِ الْوَطَنِيِّ حَضَرَهَا رِجَالَاتُ الْبَلَدِ»: دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن دۆلەت ئەربابلىرى قاتناشقان يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلدى.

رِجْلٌ ج أَرْجُلٌ: پۇت، قەدەم، پاچاق، ئاياغ.

قَائِمٌ عَلَى رِجْلٍ: مۇھىم ئىش ئۈچۈن تۇردى.

اِنْقَطَعَتِ الرِّجْلُ: يول بوشاپ قالدى.

لَايَعْرِفُ يَدَ الشَّيْءِ مِنْ رِجْلِهِ: ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان گول ئادەم.

«كَانَ ذَلِكَ عَلَى رِجْلِ فُلَانٍ»: پالانىنىڭ دەۋرىدە بولغان.

«يُقَدِّمُ رِجْلاً وَ يُؤَخِّرُ أُخْرَى» (مثل): ئىككىلىنىپ تۇرغۇچى، ئارىسالدى بولۇپ تۇرغۇچى.

«أَكَلُوا مِنْ فَوْقِهِمْ وَمِنْ تَحْتِ أَرْجُلِهِمْ»: ئۇلارغا بەخت ياغدى.

رِجْلٌ ج أَرْجَالٌ: توپ (بېلىق، قۇش، ھەرە قاتارلىقلارنىڭ).

رِجْلُ الْأَرْنَبِ: سېرىق ئوت.

رِجْلُ الْجَرَادِ: زەرنەپ دەرىخى.

رِجْلُ الذِّئْبِ: پىلائون (ئۆسۈملۈك).

رِجْلُ الْقَطَا: بارماقگۈل.

رِجْلُ الْيَمَامَةِ: گۈلەمبەر.

رِجْلُ الْجَبَّارِ: ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمى.

رِجْلُ الْجَوْزَاءِ: ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمى.

رِجْلُ الْحَمَامِ: بوياقتا خام ئەشيا قىلغىلى بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

رِجْلُ الْغُرَابِ: ياۋروپادا ئۆسىدىغان بىر خىل كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك.

«هَاجَمَتْ أَرْجَالُ الْجَرَادِ الزَّرْعَ فَأَهْلَكَتْهُ»: چېكەتكىلەر توپى زىرائەتكە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى نابۇت قىلدى.

رَجْلاَنٌ ج رَجْلَى و رَجَالَى: پىيادە ماڭغۇچى.

رِجْلَةٌ: سېمىز ئوت.

رُجْلَةٌ. رُجْلِيَّةٌ: (ئەر كىشى) ياش قۇرامىغا توشماق، بالاغەتكە يەتمەك، باتۇرلۇق، نەۋقىرانلىق.

رَجُلَةٌ: ئىلىم مەرىپەتتە يېتىلگەن ئايال.

«كَانَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهَا رَجُلَةَ الرَّأْيِ»: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىلىم مەرىپەتتە يېتىلگەن ئايال ئىدى.

رَجَمَ يَرْجُمُ رَجْمًا الشَّخْصَ بِالْحِجَارَةِ: چالما-كېسەك قىلدى، تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.

«لَئِنْ لَمْ تَنْتَهِ لَأَرْجُمَنَّكَ» «قرآن»: ئەگەر سەن (دەۋىتىڭنى) توختاتمىساڭ، سېنى چوقۇم تاش-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن.

رَجَمَ بِالْغَيْبِ: قارىسىغا سۆزلىدى، پەرەز قىلدى.

رَجَمَ بِالْقَوْلِ: تىللىدى.

رَجَمَ الْمُذْنِبَ: گۇناھكارنى قوغلىۋەتتى.

رَجَمَ الْقَبْرَ: قەبرە ئۈستىگە تاش قويدى.

رَجَمَ بِالظَّنِّ: گۇمان قىلدى، قارىسىغا سۆزلىدى.

رَجْمٌ: چالما-كېسەك قىلماق، تاش ئېتىپ ئۆلتۈرمەك.

رَجْمٌ ج رُجُمٌ: مېتورىت.

رَجْمٌ ج رِجَامٌ: گۆر، قەبرە؛ ئوچاق؛ قۇدۇق.

رَجَمٌ: گۆر، قەبرە؛ ئوچاق؛ قۇدۇق.

رَجْمٌ ج رُجُومٌ: ئاشقا ئوخشاش ئاتىدىغان نەرسە.

«وَجَعَلْنَاهَا رُجُومًا لِلشَّيَاطِينِ» «قرآن»: ... ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق.

«وَيَقُولُونَ خَمْسَةٌ سَادِسُهُمْ كَلْبُهُمْ رَجْمًا بِالْغَيْبِ» «قرآن»: بەزىلەر: «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ. بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز، قارىسىغا (ئېيتىلغان سۆزدۇر).

رُجْمَةٌ ج رِجَامٌ: قەبرە تېشى.

«وَضَعُوا الرِّجَامَ فَوْقَ الْقَبْرِ»: ئۇلار قەبرە ئۈستىگە تاش قويدى.

رَجَنَ يَرْجُنُ رُجُونًا بِالْمَكَانِ: مەلۇم ئورۇندا تۇردى، توختىدى.

رَجَنَ الْحَيَوَانُ: ھايۋان كۆندى.

رَجَنَ يَرْجُنُ رَجْنًا الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى قولدا ئوت بېرىپ باقتى؛ ئۇلاغنى سولاپ قويۇپ ياخشى باقماي ئورۇقلاپ كەتتى.

رَجَنَ: ئۆتكەن ئۇيالدى، خىجىل بولدى، ھايا قىلدى.

رَجُنَ يَرْجُنُ رُجُونًا بِالْمَكَانِ: مەلۇم ئورۇندا تۇردى.

رَجُنَ الْحَيَوَانُ: ھايۋان بىر ئورۇنغا كۆندى، ئۆگەندى.

رَجَهَ يَرْجِهُ رَجْهًا: مىدىرلىدى، ئىرغاڭلىدى، تەۋرەندى.

رُجُوعُ فَحْمٍ: داشقال، ئەكس سادا، جاۋاب قايتۇرۇش.

رُجُولَةٌ: (ئەركىشى) ياش قۇرامىغا توشماق، بالاغەتكە يەتمەك، باتۇرلۇق، نەۋقىرانلىق.

رُجُولِيَّةٌ: ياش قۇرامىغا توشماق، بالاغەتكە يەتمەك، باتۇرلۇق، نەۋقىرانلىق، ئەركەكلىك، يىگىتلىك.

رَجِيَ يَرْجَى رَجًا: سۆزدىن قالدى.

رَجِيعٌ ج رُجُعٌ: سوۋۇپ قېلىپ قايتا ئىسسىتىلغان تاماق؛ سەپەردە چارچاپ كەتكەن تۆگە؛ قالدۇرۇلغۇچى، رەت قىلىنغان؛ كۆل؛ تەر؛ دورا ئۆسۈملۈكى؛ كونا كىيىم.

رَجِيعُ الدَّوَابِّ: تېزەك، ھايۋانات تېزىكى.

كَلاَمٌ رَجِيعٌ: رەت قىلىنغان سۆز.

فَحْمٌ رَجِيعٌ: كۆيۈپ قىپقالغان كۆمۈر.

«إِيَّاكَ وَالرَّجِيعَ مِنَ الْقَوْلِ» : رەت قىلىنىدىغان سۆزدىن ساقلان.

رَجِيعَةٌ ج رَجَائِعُ: يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەن تۆگە.

رَجِيلٌ ج أَرْجِلَةٌ وأَرَاجِلُ وَأَرَاجِيلُ: پىيادە ماڭغۇچى، پىيادە كۆپ ماڭغۇچى.

اَلرَّجِيلُ فِي الْكَلَامِ: ئويلاپ يۈرمەستىن تېز پەملىك بىلەن سۆزلەنگەن سۆز.

رَجِيمٌ: لەنەتكەردى، قوغلاندى، مەلئۇن، قارغىش تەگكۈر؛ تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

«فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» «قرآن» : سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن.

رَجِينٌ: ئۆلتۈرگۈچى زەھەر.

رَجِينَةٌ ج رَجَائِنُ: قوشۇن، قىسىم، سەپ، جاماـ ئە، گۇرۇھ.

رَحَا يَرْحُو رَحْوًا الشَّخْصُ: ئۇن تارتتى.

رَحَا يَرْحُو رَحْوًا الْحَيَّةُ: ئىلانغا ئايلاندى.

رَحًا: يارغۇنچاق، تۈگمەن.

رَحَابَةٌ: ئازادە ۋە كەڭ.

«فُلَانٌ يَتَمَتَّعُ بِرَحَابَةِ صَدْرٍ» : پالانىنىڭ قارنىـ كۆكسى كەڭ.

رُحَاقٌ: ئېسىل شاراب، ئالىي سورتلۇق هاراق، كۈچلۈك هاراق، شېرىن مەي.

رُحَاقِيٌّ: تاتلىق، شېرىن، مەززىلىك، نازۇ نېمەتـ لىك، ئالىي سورتلۇق هاراققا ئائىت.

رِحَالَةٌ ج رَحَائِلُ: ئىگەر، توقۇم، مۆلە، چوم.

رَحَايَةٌ ج رَحَايَاتٌ: يارغۇنچاق، تۈگمەن.

رَحُبَ يَرْحُبُ رُحْبًا الْمَكَانُ: جاي كەڭ بولدى، كېڭەيدى.

«حَتَّى إِذَا ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ» «قرآن» : شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان...

رَحُبَتْكَ الدَّارُ: هويلا ـ ئارام كەڭتاشا بولدى، ئازادە بولدى.

رَحُبَ بِكَ الْمَكَانُ: جاي ساڭا كەڭتاشا بولدى.

رَحُبَتْ بِلَادُكَ: ۋەتىنىڭ كەڭ بولدى.

رَحِبَ يَرْحَبُ رَحَابَةً الْمَكَانُ: جاي كەڭ بولدى، كېڭەيدى.

رَحْبٌ: كەڭ، ئازادە.

مَكَانٌ رَحْبٌ: ئازادە جاي.

صَدْرٌ رَحْبٌ: كەڭ قورساق.

فُلَانٌ رَحْبُ الْفَمِ: پالانىنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ.

رَحْبُ الذِّرَاعِ: جەسۇر، ساباتلىق.

رَحْبُ الْبَاعِ: مەرد، سېخى.

هَذَا الْفِنَاءُ رَحْبٌ جِدًّا: بۇ هويلا ناهايىتى كەڭ.

رَحَبٌ، رَحْبٌ: ئازادە، كەڭ.

عَلَى الرُّحْبِ وَالسَّعَةِ: قارشى ئالىمىز، خۇش كېلىپسىز، مەرھەمەت.

«زِيَارَتُكَ لَنَا عَلَى الرُّحْبِ وَالسَّعَةِ» : سىزنىڭ بىزگە قىلغان زىيارىتىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

رَحْبَةٌ ج رِحَابٌ و رَحْبَاتٌ وَرَحْبٌ: مەيدان، سەينا، بوش يەر، قورۇ، هويلا، بوشلۇق.

«أَخَذَ الْأَطْفَالُ يَلْعَبُونَ فِي الرَّحْبَةِ الْمُجَاوِرَةِ» : بالىلار يېقىن ئەتراپتىكى مەيداندا ئويناشقا باشلىدى.

رَحْبَةُ الْمَسْجِدِ: مەسچىت سەيناسى.

رِحَابُ الْكَوْنِ : ئالەم بوشلۇقى.

فِي رِحَابِ الرَّسُولِ: مەدىنە مۇنەۋۋەرە مەسچىتى.

إِنْتَقَلَ إِلَى رِحَابِ اللّٰهِ: قازا قىلدى، ۋاپات بولدى.

رَحَّالٌ ج رُحَّلٌ وَرُحَّالٌ: كۆچمەن، ساياھەتچى، يۇرت كېزەر، سەيياھ.

رَحَّبَ يُرَحِّبُ تَرْحِيبًا: قارشى ئالدى، كۈتۈۋالدى.

رَحَّبَ الْمَكَانَ: جاينى كېڭەيتتى.

رَحَّلَ يُرَحِّلُ تَرْحِيلاً الشَّخْصَ: كۆچكۈزىۋەتتى، يۆتكىۋەتتى، يولغا سالدى.

رَحَّلَ الثَّوْبَ : كىيىمىنى بېزىدى، كىيىمگە نەقىش تۇتتى.

رَحَّلَ الْإِبِلَ: تۆگىگە چومنى توقىدى، چومنى ئارتتى، چوملىدى.

رَحَّى يُرَحِّي تَرْحِيَةً الرَّحَّاءُ الرَّحَا: تۈگمەنچى تۈگمەن ياسىدى.

رَحْرَاحٌ: كەڭ، تۈز.

إِنَاءٌ رَحْرَاحٌ: كەڭ قاچا.

رَحَضَ يَرْحَضُ رَحْضًا: يۇدى.

رَحَضَ ثَوْبَهُ: كىيىمىنى يۇدى.

رُحِضَ الْمَحْمُومُ: قىزىتمىسى ئۆرلىگەن ئادەم تەرلەپ كەتتى.

رُحَضَاءٌ: قىزىتمىدىن كېيىن چىققان تەر.

«فَمَسَحَ عَنْهُ الرُّحَضَاءَ» ‹حديث›: يۈزىدىن چىققان كۆپ تەرنى ئېرتتى.

رَحَلَ يَرْحَلُ رَحْلاً و رَحِيْلاً وَتَرْحَالاً الشَّخْصُ عَنِ الْبَلَدِ: يولغا چىقتى، ئاتلاندى، سەپەر قىلدى، كۆچتى.

رَحَلَ إِلَى رَبِّهِ: ۋاپات قىلدى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

رَحَلَ عَنِ الْبَلَدِ: كۆچۈپ كەتتى، ھىجرەت قىلدى، يۇرتىدىن ئايرىلدى.

رَحَلَ يَرْحَلُ رَحْلاً الْبَعِيْرَ: تۆگىگە يۈك ئارتتى.

رَحْلٌ ج رِحَالٌ وَ أَرْحُلُ: توقۇم، ئىگەر، مۈلە، چوم؛ يۈك ـ تاق.

«فَلَمَّا جَهَّزَهُمْ بِجَهَازِهِمْ جَعَلَ السِّقَايَةَ فِي رَحْلِ أَخِيْهِ» ‹قرآن›: يۇسۇف ئۇلارنى ئېھتىياجلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، قەدەھنى ئۇكىسىنىڭ يۈكى ئىچىگە سېلىپ قويىدى.

أَلْقَى رَحْلَهُ: تۇرۇپ قالدى.

شَدَّ رَحْلَهُ إِلَى: ... غا قاراپ ئاتلاندى.

حَطَّ رَحْلَهُ: تۇردى، چۈشتى، تۇرۇپ قالدى.

أَلْقَى رِحَالَهُ: تۇرۇپ قالدى.

«جَمَعَ رِحَالَهُ اِسْتِعْدَادًا لِلسَّفَرِ» : سەپەرگە تەييارلىنىپ يۈك ـ تاقلىرىنى جەملىدى.

رِحْلَةٌ ج رِحَلٌ و رِحْلاَتٌ: ساياھەت قىلماق، زىيارەت قىلماق، ئېكىسكۇرسىيە قىلماق، سەپەر قىلماق؛ ساياھەتنامە.

«لِإِيْلاَفِ قُرَيْشٍ إِيلاَفِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاءِوَالصَّيْفِ» ‹قرآن›: قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق سەپەردە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، . . .

«هَلْ قَرَأْتَ رِحْلَةَ ابْنِ جُبَيرٍ» : ئىبنى جۇبەيرنىڭ ساياھەتنامىسىنى ئوقۇدىڭمۇ؟

رِحْلَةٌ قَصِيرَةٌ لِلنُّزْهَةِ: قىسقا ساياھەت، كىچىك سەيلە، سەيلە قىلىش.

رَحِمَ يَرْحَمُ رَحْمَةً و رُحْمًا و مَرْحَمَةً: ئىچى ئاغرىدى، شەپقەت قىلدى، رەھىمى كەلدى.

رَحِمَ اللّٰهُ فُلاَنًا: ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ئاللاھ مەرھەمەت قىلسۇن.

رَحِمَهُ اللّٰهُ. اللّٰهُ يَرْحَمُهُ: ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، رەھمەتلىك (مېيىتنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنىدىغان دۇئا).

رَحِمَتِ الْمَرْأَةُ: تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن بالىياتقۇ ئاغرىدى.

يَرْحَمُكَ اللّٰهُ: ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن ، (چۈشكۈرگەن ئادەم ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز).

«وَإِلاَّتَغْفِرْلِي وَتَرحَمْنِي أَكُنْ مِنَ الْخَاسِرِينَ» ‹قرآن›: ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن.

رَحِمٌ. رَحْمٌ ج أَرْحَامٌ : بالىياتقۇ، ماتكا؛ تۇغقانلىق، تۇغقانچىلىق.

حَمْلٌ خَارِجَ الرَّحْمِ : بالىياتقۇ سىرتىدا ھامىلدار بولۇش.

قَرَابَةُ الرَّحْمِ: ئانا تەرەپ تۇغقان، ئانا جەمەت.

«وَأُوْلُو الْأَرْحَامِ بَعْضُهُمْ أَوْلَى بِبَعْضٍ فِي كِتَابِ اللّٰهِ» ‹قرآن› : ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە، تۇرۇق-تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر.

«فَهَلْ عَسَيْتُمْ إِنْ تَوَلَّيْتُمْ أَنْ تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ

وَتُقَطِّعُوا أَرْحَامَكُمْ» «قرآن»: سىلەر (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟

«هُوَ الَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي الْأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَاءُ» «قرآن»: ئۇ سىلەرنى، بەچچىدانلاردا (يەنى ئانىلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ.

رُحْمٌ: تۇغقانلىق مۇناسىۋەت.

«فَأَرَدْنَا أَنْ يُبْدِلَهُمَا رَبُّهُمَا خَيْرًا مِنْهُ زَكَاةً وَ أَقْرَبَ رُحْمًا» «قرآن»: شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىغا قارىغاندا پاك ۋە كۆيۈملۈك پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى ئىرادە قىلدۇق.

رَحْمَةٌ: مەرھەمەت، رەھمەت، ئىچ ئاغرىتىش، مېھرى ـ شەپقەت، مېھرىبانلىق.

وَضَعَهُ تَحْتَ رَحْمَتِهِ: ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلدى، ئۇنى شەپقىتى ئاستىغا ئالدى.

جَعَلَهُ تَحْتَ رَحْمَتِهِ: ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلدى.

تَحْتَ رَحْمَتِهِ: شەپقىتى ئاستىدا، غەمخورلۇقىدا، ئۇنىڭ سايىسى ئاستىدا.

«وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً» «قرآن»: ئۇ ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتتى.

رَحْمُوتٌ: رەھمەت، مېھرىبانلىق، مېھىر ـ شەپقەت.

«رَهَبُوتٌ خَيْرٌ لَكَ مِنْ رَحَمُوتٍ» «مثل»: بىچارە بولۇپ ياشىغىنىڭدىن، باشقىلار سەندىن ئەيمىنىدىغان بولۇپ ياشىغىنىڭ ئەۋزەل.

رَحُومٌ: مەرھەمەتلىك، ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان، رەھمەت، مەرھەمەت، ئىچ ئاغرىتىش.

رَحَوِيٌّ: ئايلانمىلىق، ئايلانما.

رَحًى ج أَرْحَاءٌ و أَرْحِيَةٌ: يارغۇنچاق، تۈگمەن؛ ئېزىق چىش.

دَارَتْ رَحَى الْحَرْبِ : ئۇرۇش ئۇلغايدى.

حَجَرُ الرَّحَى: تۈگمەن تېشى.

هُوَ رَحَى قَوْمِهِ: ئۇ قەۋمىنىڭ ئاقساقىلى.

دَارَتْ عَلَيْهِ رَحَى الْمَوْتِ : ئەجەل كەلدى.

«طَحَنَ الطَّعَامَ بِأَرْحَائِهِ» : ئۇ ئېزىق چىشلىرى بىلەن تاماقنى يۇمشاتتى.

رَحِيبٌ: كەڭ، ئازادە.

رَحِيبُ الْبَاعِ: مەرد، سېخى.

رَحِيبُ الصَّدْرِ: كەڭ قورساق، سەۋرچان.

رَحِيقٌ: ئېسىل شاراب، ئالىي سورتلۇق هاراق، كۆچلۈك هاراق، شېرىن مەي.

«يُسْقَوْنَ مِنْ رَحِيقٍ مَخْتُومٍ خِتَامُهُ مِسْكٌ» «قرآن»: ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ، ئىچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ.

رَحِيقِيٌّ: تاتلىق، شېرىن، مەززىلىك، نازۇ ـ نېمەتلىك، ئالىي سورتلۇق هاراققا ئائىت.

رَحِيلٌ: كۆچمەن؛ يولغا چىقماق، ئاتلانماق، ھىجرەت قىلماق، كەتمەك، ئايرىلىپ كەتمەك.

غَدًا يَوْمُ الرَّحِيلِ: ئەتە يولغا چىقىدىغان كۈن.

«أَصْبَحَتِ الْقَافِلَةُ مُسْتَعِدَّةً لِلرَّحِيلِ» : كارۋان سەپەرگە تەييار بولدى.

اَلرَّحِيلُ عَنِ الْحَيَاةِ: ئۆلگەن ئادەم، ئالەمدىن ئۆتكەن ئادەم.

رَحِيمٌ ج رُحَمَاءُ: مېھرىبان، مېھىر ـ شەپقەتلىك، كۆڭلى يۇمشاق؛ كۆيۈمچان، مەرھەمەتلىك؛ مەرھۇم.

«مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللّٰهِ وَالَّذِيْنَ مَعَهُ أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ» «قرآن» : مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر ، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر.

«أُحِبُّ أَنْ أَكُونَ طَبِيبًا رَحِيمًا يُنْقِذُ النَّاسَ مِنَ الْمَرَضِ وَالْأَلَمِ» : كىشىلەرنى كېسەل ۋە ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان كۆيۈمچان دوختۇر بولۇشنى ياقتۇرىمەن.

اَلرَّحِيمُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ «ناھايىتى شەپقەتلىك، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

رَخَا يَرْخُو رَخَاءً وَرَخَاوَةً الشَّيْءُ: كېڭەيدى،

يۇمشىدى، بوشىدى.

رَخَا عَيْشُهُ: تۇرمۇشى باياشات بولدى.

رَخَاءٌ: پاراۋانلىق، مولچىلىق، ئاۋاتلىق، كەڭ ـ كۇشادىلىق.

«هُوَ فِي رَخَاءٍ مِنَ الْعَيْشِ»: ئۇ باياشات تۇرمۇشتا.

رُخَاءٌ: مەيىن شامال، غۇر ـ غۇر شامال، سالقىن شامال.

«فَسَخَّرْنَالَهُ الرِّيحَ تَجْرِي بِأَمْرِهِ رُخَاءً» «قۇرئان»: بىز سۇلايمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، شامال سۇلايماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە لەرزان ماڭاتتى.

رَخَاخٌ: باياشاتلىق.

عَيْشٌ رَخَاخٌ: باياشات تۇرمۇش.

اَلرَّخَاخُ مِنَ الْأَرْضِ: پۇت پېتىپ كېتىدىغان يۇمشاق يەر.

رُخَامٌ: مەرمەر، مەرمەر تاش.

«غَطَّى مَدْخَلَ بَيْتِهِ بِالرُّخَامِ»: ئۇيىنىڭ كىرىش ئېغىزىنى مەر مەر بىلەن قاپلىدى.

رَخَامَةٌ: ئاھاڭ، رىتىم، مېلودىيە، مۇقام.

رَخَاوَةٌ: يۇمشاقلىق، ئەۋرىشىملىك، رايىشلىق.

رَخَاوَةُ الْأَرْضِ: تۇپىنىڭ يۇمشاقلىقى.

رَخَاوَةُ الْعُودِ: يۇمشاق ياغاچ.

رَخْتٌ ج رُخُوتٌ: ئېگەر.

رَخَّ يَرُخُّ رَخًّا الشَّيْءَ: پۇتى بىلەن دەسسەپ يۇمشاتتى.

رَخَّ الْعَجِينُ: خېمىر سۇيۇق بولۇپ قالدى.

رَخَّ يَرُخُّ رَخًّا الشَّرَابَ: شارابقا سۇ ئارىلاشتۇردى، شارابقا سۇ قاتتى.

رَخَّ الْمَطَرُ: يامغۇر قاتتىق ياغدى.

رَخَّتِ السَّمَاءُ: ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغدى.

رَخَّ يَرِخُّ رَخِيخًا: قولايلاشتى، يۇمشىدى.

رُخٌّ ج رِخَاخٌ: سۇمرۇغ، ئەنقا (ئەرەب پارس چۆچەكلىرىدىكى)؛ توپ (شاھماتنىڭ).

رُخٌّ مِصْرِيٌّ: تاز قارا، تاز قوماي، تاپقۇش، غېجىر، سالۋا.

رَخَّاءٌ: يۇمشاق يەر، پېتىق يەر.

رَخَّامٌ: مەرمەر تاش كەشلەپچىقارغۇچى ۋە ساتقۇچى.

رَخَّةٌ ج رَخَّاتٌ: ئۆتكۈنچى يامغۇر.

رَخَّصَ يُرَخِّصُ تَرْخِيصًا السِّعْرَ: باھانى چۈشۈردى.

رَخَّصَ لَهُ فِي الأَمْرِ: رۇخسەت بەردى، يول قويدى، ئىزنى بەردى، ئەستىقلىدى.

«رَخَّصَ لَنَا الشَّرْعُ فِي كَذَا»: ... ھەققىدە شەرىئەت بىزگە رۇخسەت قىلدى.

رَخَّمَ يُرَخِّمُ تَرْخِيمًا الصَّوْتَ: ئاۋازنى يېقىملىق چىقاردى.

رَخَّمَ الشَّيْءَ: يۇمشاتتى، ئاسانلاشتۇردى.

رَخَّمَ الْبَيْتَ: ئۆيگە مەرمەر تاش ياتقۇزدى.

رَخَّمَ الإِسْمَ (فِي النَّحْوِ): ئىسىمنى يىنىكلىتىش ئۈچۈن ئاخىرىنى قىسقارتتى (بولۇپمۇ چاقىرىق ئۇندەش ئىسىملىرىدە شۇنداق، مەسىلەن: (يَا فَاطِمَةُ) دېيىشنىڭ ئورنىغا (يَا فَاطِمُ) دېيىلگەندەك).

رَخْرَاخٌ: خېمىر ۋە لاينىڭ يۇمشىقىغا ئېيتىلىدۇ.

رَخْرَخَ يُرَخْرِخُ رَخْرَخَةً: بوشاشتۇردى، سۇسلاشتۇردى.

رَخُصَ يَرْخُصُ رُخْصًا الشَّيْءُ: ئەرزانلاشتى.

رَخُصَ يَرْخُصُ رَخَاصَةً و رُخُوصَةً الشَّيْءُ: يۇمشىدى، سىلىق بولدى.

رَخُصَتْ بَشَرَتُهَا: تېرىسى سىلىق بولدى.

رَخْصٌ: يۇمشاق، ئەۋرىشىم؛ ئەرزان، باھاسى تۆۋەن؛ يېقىملىق، ئىللىق، مەيىن.

رُخْصَةٌ ج رُخَصٌ: رۇخسەت؛ رۇخسەت قىلماق.

رُخْصَةُ قِيَادَةٍ: شوپۇرلۇق كىنىشكىسى، پىراۋا.

رُخْصَةُ بِنَاءٍ: بىنا سېلىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى.

رَخَفَ يَرْخُفُ رَخْفًا وَرَخِفَ يَرْخَفُ رَخَفًا وَرَخْفًا يَرْخُفُ رَخَافَةً الْعَجِينُ: خېمىر بوش بولۇپ قالدى، سۇيۇق بولۇپ قالدى، يۇمشاق بولۇپ قالدى.

رَخْفٌ ج رِخَافٌ: خام قايماق.

رِخْلٌ و رَخِلٌ و رَخْلَةٌ: چىشى ئوغلاق.

رَخَمَ يَرْخُمُ رَخْمًا وَرَخُمَ يَرْخُمُ رَخَامَةً الصَّوتُ: ئاۋاز يېقىملىق ئاڭلاندى، يۇمشاق چىقتى.

رَخَمَتِ الْمَرْأَةُ وَلَدَهَا: ئايال بالىسىغا ئىچىنىدى، ئىچى ئاغرىدى.

رَخَمَتِ الدَّجَاجَةُ عَلَى الْبَيْضِ : توخۇ تۇخۇم باستى.

رَخَّمَ: تۇخۇم باسماق؛ تۇخۇم باستۇرماق.

رَخَمٌ ج رُخْمٌ م رَخَمَةٌ ج رَخَمَاتٌ: تاز قوماي، تازقارا، غىجىر، سالۋا، تاپقۇش.

رَخِمٌ: يېقىملىق، مۇڭلۇق، رىتىملىق، قۇلاققا ياقىدىغان.

رَخُوَ يَرْخُو رَخَاوَةً الشَّيْءُ: يۇمشىدى، يۇمشاق بولدى، ئەۋرىشىم بولدى.

رَخُوَ يَرْخُو رَخَاءً الْعَيْشُ: تۇرمۇش پاراۋان بولدى، كەڭتاشا بولدى.

رِخْوٌ. رُخْوٌ. رَخْوٌ: يۇمشاق، ئەۋرىشىم، ئاجىز.

«عَيْشُنَا اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَخْوٌ» : بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز خۇداغا شۈكرى قەدەر ئەھۋال.

رَخِيَ يَرْخَى رَخًى وَرَخَاءً الشَّيْءُ: يۇمشاق بولدى، ئەۋرىشىم بولدى.

رَخِيَ الْعَيْشُ: تۇرمۇش پاراۋان بولدى، باياشات بولدى.

رَخِيصٌ: ئەرزان، باھاسى تۆۋەن؛ يۇمشاق، ئەۋرىشىم؛ يېقىملىق، ئىللىق، مەيىن ، يۇمران.

سِعْرٌ رَخِيصٌ: ئەرزان باھا.

غُصْنٌ رَخِيصٌ: يۇمران نوتا.

«بَذَلَ كُلَّ رَخِيصٍ وَغَالٍ فِي سَبِيلِ شَيْءٍ» : بىر نەرسە ئۈچۈن بار ـ يوقىنى ھەممىنى سەرپ قىلدى.

رَخِيمٌ: يېقىملىق، مۇڭلۇق، رىتىملىق، قۇلاققا ياقىدىغان.

صَوْتٌ رَخِيمٌ: مۇڭلۇق ئاۋاز، يېقىملىق ئاۋاز.

رَخِيٌّ: كەڭ، يۇمشاق، باياشات.

عَيْشٌ رَخِيٌّ: باياشات تۇرمۇش.

رَخِيُّ الْبَالِ: خاتىرجەم.

رِدَاءٌ ج أَرْدِيَةٌ: رىدا، خالات، يەكتەك، تون، پىلاش.

رِدَاءُ الشَّبَابِ: ياشلىقنىڭ گۈزەللىكى.

غَمْرُ الرِّدَاءِ: ساخاۋەتچى، قولى كەڭ، سېخى.

رَدَاءَةٌ: ناچارلىق، سۈپەتسىزلىك، يامانلىق.

رَدَاءَةُ الْخَطِّ: خەتنىڭ سەتلىكى.

رَدَاءَةُ الطَّقْسِ: ھاۋانىڭ ناچارلىقى.

رِدَاحٌ ج رُدُحٌ: زۇلمەت، قاراڭغۇلۇق.

اَلرَّدَاحُ مِنَ النِّسَاءِ: ساغرىلىق ئايال.

اَلرَّدَاحُ مِنَ الشَّجَرِ: چوڭ دەرەخ.

اَلرَّدَاحُ مِنَ الْكِبَاشِ: قۇيرۇقلۇق قوشقار.

اَلرَّدَاحُ مِنَ الْكَتَائِبِ: چوڭ قوشۇن.

اَلرَّدَاحُ مِنَ الْجِمَالِ: يۈكى ئېغىر تۆگە.

رِدَاغٌ: سۈيۈق لاي.

اَلرِّدَافَةُ: پادىشاھ يوق چاغدا ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەنسەپ، پادىشاھقا ۋەكىللىك قىلماق.

رِدَافُ الدَّابَّةِ: ھايۋاننىڭ ساغرىسى.

رُدَافَى: ئۇلاغلىقنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشكۈچى، ياردەمچىلەر.

جَاءَ الْقَوْمُ رُدَافَى: ئارقىمۇ ئارقا كەلدى.

رُدَامٌ: كېرەكسىز نەرسە، ئىشقا يارىماس، تاشلاندۇق، كېرەكسىز.

رَدَأَ يَرْدَأُ رَدْأً الْحَائِطَ: تامغا تىرەك تىرىدى، تامغا تىرەك قويدى.

رَدَأَ الرَّجُلَ: كىشىگە ياردەم بەردى.

رَدَأَ الْمَاشِيَةَ: ھايۋاندىن ئوبدان خەۋەر ئالدى.

رَدُؤَ يَرْدُؤُ و يَرْدِؤُ رَدَاءَةً الشَّيْءُ: ناچارلاشتى، بۇزۇلۇپ كەتتى، ئەسكىرىپ كەتتى.

رَدُؤَ الرَّجُلُ: ئاجىزلاشتى، زەئىپلەشتى، كۈچىدىن قالدى؛ زەئىپلىشىپ موھتاج بولۇپ قالدى.

رَدُؤَ الطَّقْسُ: ھاۋا ناچارلاشتى.

رَدُوَ خَطُّهُ: خېتى ناچار بولدى، خېتى سەت بولدى.

رِدْءٌ ج أَرْدَاءٌ: قوللىغۇچى، ياردەم بەرگۈچى؛ كۈچ ـ قۇۋۋەت، تۈۋرۈك، تايانچ.

«وَأَخِي هَارُونُ هُوَأَفْصَحُ مِنِّىلِسَانًا فَأَرْسِلْهُ مَعِي رِدْءًا يُصَدِّقُنِي» «قرآن» : قېرىندىشىم ھارۇن تىلى مېنىڭدىن راۋاندۇر، ئۇنى مەن بىلەن (پەيغەمبەرلىكىمنى) تەستىقلايدىغان ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتكىن.

رَدْبٌ: خالتا كوچا، تۇيۇق يول.

رَدَجَ يَرْدَجُ رَدْجَانًا: ماڭدى، پۇختا قەدەم باستى.

رَدَحَ يَرْدَحُ رَدْحًا الشَّيْءَ: مۇقىملاشتى، پۇختىلاشتى.

رَدَحَ بِالْمَكَانِ: يەرلەشتى، تۇرۇپ قالدى.

رَدَحَ لَهُ: مۇقىم بولدى، ئىزچىل بولدى.

رَدَحٌ: ئۇزاق مۇددەت، ئۇزۇن زامان.

رَدَحًا طَوِيلًا: ئۇزۇن زامان، ئۇزاق مۇددەت.

رَدْحٌ: يەڭگىل كېسەل؛ تىللىماق، ئاھانەت قىلماق.

رُدْحَةٌ: پەردە، چېدىرنىڭ بۇلۇڭىغا تارتىلىدىغان پەردە، كەڭلىك.

رُدْحِيٌّ: كۆكتاتچى، ئوتياشچى، سەيچى.

رَدَّ يَرُدُّ رَدًّا: قايتۇردى، ياندۇردى، چېكىندۇردى، رەت قىلدى، رەددىيە بەردى.

رَدَّ الشَّيْءَ: ئۆزگەرتتى.

رَدَّ عَلَيْهِ بِكَذَا: جاۋاب بەردى.

رَدَّ سَلَامَهُ: سالامىنى ئىلىك ئالدى.

رَدَّ الدَّيْنَ: قەرزنى قايتۇردى، قەرز تۆلىدى.

رَدَّ الظَّالِمَ عَنْ ظُلْمِهِ: زالىمنى زۇلۇم قىلمىشىدىن توستى.

رَدَّ كَلَامَهُ: ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى.

رَدَّ شَهَادَتَهُ: ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى رەت قىلدى.

رَدَّ الثَّوْرَ: ئەكس ئەتتۈردى، ئىنكاس قىلدى.

رَدَّ الصَّوْتَ: ئەكس سادا قوزغىدى.

رَدَّ عَنْ عَزْمٍ: نەسىھەت قىلىپ توستى.

رَدَّإِلَيْهِالتَّصَرُّفَ: باشقۇرۇشنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

رَدَّ التُّهْمَةَ: تۆھمەتكە رەددىيە بەردى.

رَدَّ الْهُجُومَ: ھۇجۇمنى چېكىندۈردى.

رَدَّ زِيَارَتَهُ: جاۋاب زىيارىتى قىلدى.

رَدَّ طَرَفَهُ: ئۆيۈلۈپ يەرگە قارىۋالدى.

رَدَّ بَصَرَهُ: ئۆيۈلۈپ يەرگە قارىۋالدى.

رَدَّ كَيْدَهُ إِلَى نَحْرِهِ: ھىيلىسىنى بىتچىت قىلدى، سۇيىقەستىنى تارمار قىلدى.

رَدَّهُ عَلَى عَقِبَيْهِ: ئەسلى ھالىتىگە نائۇمىد ھالدا قايتۇردى.

«إِنْ تُطِيعُوا الَّذِينَ كَفَرُوا يَرُدُّوكُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ» «قرآن» : ئەگەر سىلەر كۇففارلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئارقاڭلارغا (يەنى كۇفرىغا) ياندۇرىدۇ.

رَدَّ عَلَى الْقَوْلِ: سۆزنى رەت قىلدى، سۆزگە رەددىيە بەردى.

رَدَّ الْعَدُوَّ: دۈشمەنگە قارشى تۇردى، دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسەتتى، دۈشمەنگە تاقابىل تۇردى.

رَدَّ الْبَابَ: ئىشىكنى ياپتى.

رَدَّ إِلَى مَرْكَزِهِ: ئەسلىگە كەلتۈردى.

رَدَّ إِلَى الْغَرِيقِ حَيَاتَهُ: غەرق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزدى.

رَدَّ الْأَمَانَةَ: ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇردى.

رَدَّ الْعَدُوَّ إِلَى أَعْقَابِهِ: دۈشمەننى چېكىندۈردى.

رَدَّ الْحَقَّ: ھەققىنى قايتۇرۇپ بەردى.

رَدَّ الزَّوْجُ مُطَلَّقَتَهُ: تالاق قىلىنغان ئايالنى ئۆز ئىلكىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

لَايُرَدُّ لَهُ قَوْلٌ: گېپى ئۆتىدىغان ئادەم.

رَدٌّ: قايتۇرماق، ياندۇرماق، رەت قىلماق، رەددىيە بەرمەك، جاۋاب بەرمەك، چېكىندۈرمەك؛ مەھسۇلات.

كَلَامُكَ رَدٌّ: سۆزۈڭ رەت قىلىنىدۇ.

أَخْذٌ وَ رَدٌّ: ئەتراپلىق مۇھاكىمە، مۇنازىرە، مۇزاكىرە.

رَدُّ الْحَيَازَةِ: ئىجارە يەرنى قايتۇرۇۋالماق.

حَقُّ الرَّدِّ: رەددىيە بېرىش ھوقۇقى.

بَعْدَ أَخْذٍ و رَدٍّ: سودىلاشقاندىن كېيىن، تەكرار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن.

رَدُّ الصَّوْتِ: سادا، ئەكس سادا.

رَدُّ الْفِعْلِ: ئەكس تەسىر كۆرسەتمەك، رېئاكسىيە بەرمەك، رېئاكسىيە كۆرسەتمەك، تەسىر.

«جَاءَ رَدُّهُ إِيْجَابِيًّا»: ئۇنىڭ رەددىيەسى ئىجابىي بولدى.

«هَذِهِ مَزْرَعَةٌ كَثِيرَةُ الرَّدِّ»: بۇ ئېتىز كۆپ مەھسۇلاتلىق.

«اَلْمَوْضُوعُ فِي حَاجَةٍ إِلَى أَخْذٍ وَرَدٍّ»: بۇ ماۋزۇ كەڭ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك.

«اِحْتَفَظَ لِنَفْسِهِ بِحَقِّ الرَّدِّ عَلَى الْخِطَابِ»: نۇتۇققا رەددىيە بېرىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى.

«كَانَ لِهَذِهِ الْحَمْلَةِ رَدُّ فِعْلٍ قَوِيٍّ»: بۇ ھۇجۇم كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

رَدًّا عَلَى كَذَا: جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن.

رَدٌّ ج رُدُودٌ: كېكەچلىك؛ كېرىم.

اَلرَّدُّ مِنَ الدِّرْهَمِ: ساختا تەڭگە.

«أَظْهَرَ رَغْبَةً صَادِقَةً فِي التَّوْبَةِ»: تۇۋا قىلغاندا سەمىمىي قىزغىنلىقنى كۆرسەتتى.

رَغَثَ يَرْغَثُ رَغْثًا الْوَلَدُ أُمَّهُ: بالا ئانىسىنى ئەمدى، شورىدى.

رَغُثٌ : ئانارگۇل.

رُغَثَاءُ: سۈت بېزى.

رَغِدَ يَرْغَدُ رَغْدًا وَرَغَدًا وَرَغَادَةً الْعَيْشُ: تۇرمۇش پاراۋان بولدى، كۆڭۈللۈك بولدى، باياشات بولدى.

رَغْدٌ: راھەت تۇرمۇش، پاراۋان تۇرمۇش، باياشات تۇرمۇش، خۇشال تۇرمۇش.

«يَعِيشُ عِيْشَةً رَغْدًا» : باياشات ياشىماقتا.

رَغَدٌ: پاراۋان، باياشات.

«فَكُلُوامِنْهَاحَيْثُشِئْتُمْرَغَدًا» «قرآن» : ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ ـ ئىچىڭلار.

رَغْرَغَ يُرَغْرِغُ رَغْرَغَةً: خۇشاللىقتا چۆمدى.

رَغْرَغَتِ الْإِبِلُ: تۆگە ئەركىن ئوتلىدى، ئەركىن يايرىدى.

رَغْرَغَ الْأَمْرَ: مەسىلىنى يوشۇردى.

رَغَّاءٌ ج رَغَّاغُونَ : كاس ـ كاس، ۋات ـ ۋات، جاپ ـ جاپ، ۋالاقتەككۈر.

رَغَّبَ يُرَغِّبُ تَرْغِيْبًا : قىزىقتۇردى، جەلپ قىلدى.

رَغَّى يُرَغِّي تَرْغِيَةً الْمَاءُ: سۇ كۆپۈكلەشتى.

رَغَّى الصَّابُونُ: سوپۇن كۆپۈكلەشتى، سوپۇننىڭ كۆپۈكى كۆپ بولدى.

رَغَفَ يَرْغَفُ رَغْفًا الْعَجِينَ وَالطِّينَ: خېمىر يوغۇردى ياكى لاي ئەتتى.

رَغَفَ الْجَمَلَ: تۆگىگە يەم بەردى.

رَغَلَ يَرْغَلُ رَغْلاً الْوَلَدُ أُمَّهُ: بالا ئانىسىنى ئەمدى، شورىدى.

رَغْلَةٌ: قوزا، پاقلان.

رَغَمَ يَرْغَمُ رَغْماً: زورلىدى، بويسۇندۇردى، خورلىدى.

رَغَمَ يَرْغَمُ ورَغِمَ يَرْغِمُ رَغْمًا أَنْفَهُ لِلّٰهِ: ئاللاھقا بويسۇندى، باش ئەگدى، ئىتائەت قىلدى.

رَغِمَ يَرْغَمُ رَغْمًا الشَّخْصُ: خار بولدى، خورلاندى.

رَغِمَ أَنْفُهُ: خار بولدى.

رَغَمَ يَرْغَمُ رَغَمًا الشَّخْصُ: يامان كۆردى، نەپرەتلەندى، يىرگەندى، بىزار بولدى.

رَغْمٌ: زورلىماق، مەجبۇرلىماق.

«فَعَلَ ذَلِكَ عَلَى رَغْمِ أَنْفِهِ» : ئۇنى خالىماي قىلدى.

عَلَى الرَّغْمِ مِنْ: . . . قارىماي، . . . قارىماستىن، مەيلى . . . بولسۇن . . . بىلەنمۇ.

رَغْمًا عَنْ: . . . قارىماي، مەيلى. . . بولسۇن، . . . بىلەنمۇ، . . . بولسىمۇ، . . . دىن . . . قەتئىينەزەر، . . . تەقدىردىمۇ.

رَغْمًا عَنْ أَنْفِهِ: ئۇنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئۇ خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن.

رَغْمَ أَنْفِهِ: ئۇنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئۇ خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن.

رَغْمَ ذَلِكَ: شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، گەرچە.

بِالرَّغْمِ مِنْ أَنَّ: ھەتتا . . . بولسىمۇ، . . . تەقدىردىمۇ.

رَغْمًا عَنْ اَهَمِّيَّتِهِ: . . . نىڭ مۇھىملىقىغا قارىماي، مۇھىم بولغان بولسىمۇ.

رَغَنَ يَرْغَنُ رَغْنًا فِيهِ: تاما قىلدى، ئارزۇ قىلدى، بېرىلدى.

رَغَنَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا قۇلاق سالدى، زەن قويدى، كۆڭۈل قويدى.

رَغْنَةٌ: تەكشى يەر، يۇمشاق يەر.

رُغْوَةٌ و رَغْوَةٌ ج رُغًى ورِغًى: قايماق، كۆپۈك، ماغزاپ.

رَغْوَةُ الطَّبْخِ: قازاننىڭ كۆپۈكى.

رَغْوَةُ الْمَعَادِنِ الْمُذَابَةِ : مەدەن داشقىلى.

رَغْوَةُ الصَّابُونِ: سوپۇننىڭ ماغزىپى.

رَغْوَةُ الْقَمَرِ: سىگىر تاش.

رَغْوَةُ الْحَجَّامِيْنَ: بۇلۇت (بىر خىل دېڭىز هايۋىنى)؛ بۇلۇت چاقچۇق ياكى سۇلياۋدىن ياسالغان بۇلۇتسىمان جىسىم.

رَغُوثٌ : ئەمگۈزگۈچى، ئېمىتكۈچى.

رَغُولٌ ج رُغُلٌ : ئېمىۋاتقان موزاي، ئېمىۋاتقان قوزا، ئېمىۋاتقان ئوغلاق.

رَغِيبٌ ج رِغَابٌ وَ رُغُبٌ: كىشىلەرگە قارىتا قورسىقى چوڭ؛ جىلغا، كۆل قاتارلىقلارغا قارىتا كەڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

وَادٍ رَغِيْبٌ: كەڭ جىلغا.

حِمْلٌ رَغِيْبٌ: ئېغىر يۈك.

رَغِيْبَةٌ ج رَغَائِبُ : ئارزۇلۇق نەرسە، سۆيۈملۈك نەرسە، ياخشى كۆرىدىغان نەرسە؛ كۆپ ئىنئام.

«هُوَ وَهَّابٌ لِكُلِّ رَغِيبَةٍ» : ئۇ نۇرغۇن ئىنئام بەرگۈچىدۇر.

رَغِيْدٌ: راھەت تۇرمۇش، پاراۋان تۇرمۇش، باياشات تۇرمۇش، خۇشال تۇرمۇش.

رَغِيْفٌ ج أَرْغِفَةٌ ورُغْفَانٌ: نان، توقاچ.

رَغِيفٌ رَقِيقٌ: ھەمەك نان، چەلپەك نان، كاكچە نان، ئاچقان نان.

«لَقَدْ تُرِكَ هَذَا الرَّغِيفُ فَتْرَةً طَوِيلَةً مِنَ الزَّمَنِ لِذَلِكَ أَصْبَحَ يَابِسًا» : بۇ نان ئۇزۇن مۇددەت تاشلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قۇرۇپ قالدى.

رَفَا يَرْفُو رَفْوًا الرَّفَّاءُ الثَّوْبَ: تىككۈچى كىيىمنى سۆكۈپ ئوڭشىدى.

رَفَاهٌ: قورقۇنچىسىنى تۈگەتتى، ھاجىتىدىن چىقتى.

رَفَا الرَّجُلُ: ئۆيلەندى.

«خَرَقَ ثَوْبَ الْمَوَدَّةِ بِإِسَاءَتِهِ ثُمَّ رَفَاهُ بِإِحْسَانِهِ» : دوستلۇق كىيىمنى ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكىدىن يىرتىپ تاشلىغاندى، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن يامىدى.

«أَرْجُوكَ أَنْ تَرْفُوَ لِي هَذِهِ السُّتْرَةَ الْقَدِيمَةَ» : بۇ كونا چاپاننى يىغىشتۇرۇۋەتسەڭ ئىكەن.

رِفَاءٌ: ئىناق، ئىتتىپاق، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، ئىجىللىق.

بِالرِّفَاءِ وَالْبَنِينِ : (يېڭىدىن ئۆيلەنگەن ئادەمگە ئېيتىلىدىغان ياخشى تىلەك سۆزى بولۇپ، «ئىناق كۆڭۈللۈك ياشاپ، نەۋرە ـ چەۋرىلىك بولۇپ كېتىڭلار» دېگەن مەنىدە).

رُفَاتٌ: جەسەت، مېيىت، تاپ، ئۆلۈك؛ پارچە ـ پۇرات، چىرىگەن سۆڭەك.

«وَقَالُوْا أَئِذَا كُنَّا عِظَامًا وَرُفَاتًا أَئِنَّا لَمَبْعُوْثُوْنَ خَلْقًا جَدِيْدًا» «قۇرئان» : مۇشرىكلار: «بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم قايتا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق ؟» دېيىشىدۇ.

نُقِلَ رُفَاتُهُ إِلَى بِلاَدِهِ: ئۇنىڭ جەسىتى يۇرتىغا يۆتكەپ كېتىلدى.

رِفَادَةٌ ج رِفَادَاتٌ: تېڭىق لاتىسى، داكا، بىنت؛ ئىگەرنىڭ ياغىچى.

رِفَادَةُ الْحُجَّاجِ: ھاجىلارنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتى.

رَفَاعَةٌ. رُفَاعَةٌ. رِفَاعَةٌ: قاتتىق ئاۋاز، يۇقىرى ئاۋاز.

رَفَاغَةٌ: تۇرمۇش پاراۋانلىقى.

رَفَاغِيَّةٌ: تۇرمۇشنىڭ پاراۋانلىقى.

رُفَاقٌ: توپان، ئۇزاق سامان.

رِفَاقٌ ج رُفُقٌ وأَرْفِقَةٌ: ھەمراھ بولماق، ھەمسەپەر بولماق، تۆشلۈك.

رِفَاقِيٌّ: يولداشلارچە، دوستلۇق، ھەمراھلىق.

رَفْلٌ ج رُفُولٌ: ئىتەك.

رَفَلٌ: ئۇزۇن ئىتەكلىك كىيىم، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق ھايۋان، كەڭ كىيىم.

رَفَاهٌ. رَفَاهَةٌ. رَفَاهِيَةٌ: ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك

تۇرمۇش، راھەتلىك تۇرمۇش، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش، پاراۋان تۇرمۇش.

«يَجِبُ الْعَمَلُ عَلَى تَحْقِيقِ مُجْتَمَعِ الرَّفَاهِيَةِ» : پاراۋان بولغان بىر جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەش كېرەك.

رَفَأَ يَرْفَأُ رَفْئًا الثَّوْبَ وَنَحْوَهُ: كىيىم قاتارلىقلارنى ياماپ، ئۇلىدى.

رَفَأَ بَيْنَ الْقَوْمِ : قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈردى.

رَفَأَ الْجَوَارِبَ: پايپاقنى ياماپ.

رَفَأَ السَّفِينَةَ: كېمىنى پرىستانغا يېقىنلاشتۇردى.

رَفَتَ يَرْفُتُ وَ يَرْفِتُ رَفْتًا الشَّيْءَ: پاچاقلاندى، پارچىلاندى، سۇندى.

رَفَتَ الْحَبْلَ: ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كەتتى.

رَفَتَ الْمُوَظَّفَ: خىزمەتچىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

رُفَتٌ : سامان.

رَفَثَ يَرْفُثُ وَ يَرْفِثُ رَفْثًا وَرَفَثًا وَرُفُوثًا الرَّجُلُ فِي كَلاَمِهِ: ئۇياتسىز گەپ قىلدى، سەت گەپ قىلدى.

رَفْثٌ. رَفَثٌ: سەت، ئۇياتسىز گەپ؛ ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش.

«أُحِلَّ لَكُمْ لَيْلَةَ الصِّيَامِ الرَّفَثُ إِلَى نِسَائِكُمْ» ‹قۇرئان› : روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى.

«فَلاَ رَفَثَ وَلاَ فُسُوقَ وَلاَ جِدَالَ فِي الْحَجِّ» ‹قۇرئان› : بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

رَفَدَ يَرْفِدُ رَفْدًا وَرِفَادَةً السَّائِلَ: تىلەمچىگە ياردەم قولىنى سوزدى، خەير ـ ساخاۋەت قىلدى.

رَفَدَ يَرْفِدُ رَفْدًا الْمُوَظَّفَ: خىزمەتچىنى خىزمەتتىن قالدۇردى.

رَفْدٌ: چوڭ قاچا، ئىستاكان، چوڭ قەدەھ، جام.

أُرِيقَ رَفْدُهُ: ئۇ ئۆلدى.

رِفْدٌ ج أَرْفَادٌ و رُفُودٌ: تۆھپە، تىرەك، يۆلەنچۈك، تايانچ، چوڭ قاچا، ھەسسە، نېسىۋە، جام، ئىنئام، ياردەم، قۇتقۇزۇش پۇلى، ھەدىيە، سوۋغا.

«وَأُتْبِعُوا فِي هَذِهِ لَعْنَةً وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ بِئْسَ الرِّفْدُ الْمَرْفُودُ» ‹قۇرئان› : ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن (ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت) بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان!

رِفْدَةٌ ج رِفَدٌ: بىر توپ ئادەم، جامائە.

رَفْرَافٌ ج رَفَارِيفُ: قۇشنىڭ قانىتى، بىر خىل قۇشقاچ.

رَفْرَفَ يُرَفْرِفُ رَفْرَفَةً الطَّائِرُ بِجَنَاحَيْهِ: قۇش قانات قاقتى، قۇش قانىتىنى لەپىلدەتتى.

رَفْرَفَ الْعَلَمُ: بايراق لەپىلدىدى.

«إِنَّ الأَعْلاَمَ تُرَفْرِفُ فَوْقَ الْمَبَانِي الْعَالِيَةِ» : بايراقلار ئېگىز بىنالار ئۈستىدە لەپىلدىمەكتە.

رَفْرَفَ الشَّيْءُ: مىدىرلىدى، ھەرىكەتلەندى، ئاۋاز چىقاردى.

رَفْرَفٌ ج رَفَارِفُ: پېشايۋان، لەمپە، چېدىرنىڭ بىر تەرىپى، ياستۇق، سېلىنچا، تاۋار ئەتراپىغا ساڭگىلاپ تۇرغان دەرەخ شېخى.

«مُتَّكِئِينَ عَلَى رَفْرَفٍ خُضْرٍ» ‹قۇرئان› : ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا يۆلەنگەن ھالدا ئىستىراھەت قىلىدۇ.

رَفْرَفُ السَّيَّارَةِ: ماشىنا چاقىنىڭ ئۈستىدىكى قانات.

رَفْرَفُ الْبِنَاءِ: پېشايۋان.

رَفَسَ يَرْفُسُ و يَرْفِسُ رَفْسًا: كۆكرەككە تەپتى.

«رَفَسَ الْحِصَانُ صَاحِبَهُ» : ئايغىر ئىگىسىنى تەپتى.

رَفْسَةٌ: بىر تېپىك، بىر پەشۋا.

رَفَشَ يَرْفُشُ رَفْشًا الْحُبُوبَ: داننى سۈپۈردى؛ سوقتى؛ ئوبدان يەپ ـ ئىچتى.

رَفِشَ يَرْفَشُ رَفَشًا: يوغان قۇلاقلىق بولدى، كەڭ قۇلاقلىق بولدى.

رَفْش: كۈرەك، گۈرجەك.

رَفَضَ يَرْفُضُ وَ يَرْفِضُ رَفْضًا الشَّيْءَ: رەت قىلدى، تەرك ئەتتى، تاشلىدى، يىراقلاشتى.

رَفَضَ حَوَالَةً مَالِيَّةً: تالوننى تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى.

رَفَضَ الدَّعْوَى الْقَضَائِيَّةَ: دەۋانى رەت قىلدى.

رَفَضَ حُجَّتَهُ رَفْضًا بَاتًّا: ئۇنىڭ پاكىتىنى قەتئىي رەت قىلدى.

رَفَضَتِ الْإِبِلُ: تۆگە تارقاپ كەتتى.

لَايُمْكِنُ أَنْ يُرْفَضَ: ئۇنى رەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

رَفْضٌ: رەت قىلماق، تەرك ئەتمەك، تاشلىۋەتمەك.

حَقُّ الرَّفْضِ: رەت قىلىش ھوقۇقى.

إِجَابَةٌ بِالرَّفْضِ: رەت قىلىش جاۋابىنى بەرمەك.

رَفَضٌ ج أَرْفَاضٌ وَرُفُوضٌ: تارقاق، تاراپ كەتكەن، چېچىلىپ كەتكەن.

رُفَضَةٌ: رەت قىلغاق.

رَجُلٌ رُفَضَةٌ: رەت قىلغاق ئادەم.

فُلَانٌ قُبَضَةٌ رُفَضَةٌ: باشلاپ قويۇپ ئاخىرىغا چىقارمايدىغان ئادەم.

رَفَعَ يَرْفَعُ رَفْعًا الشَّيْءَ: كۆتۈردى، تىكلىدى.

«اَللّٰهُ الَّذِي رَفَعَ السَّمَاوَاتِ بِغَيْرِ عَمَدٍ تَرَوْنَهَا»

‹قۇرئان›: ئاللاھ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلدى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر.

رَفَعَ السِّعْرَ: باھانى ئۆستۈردى.

رَفَعَ الْعَلَمَ: بايراق چىقاردى.

رَفَعَ السِّلَاحَ: قورال كۆتۈردى، ئۇرۇش ئىلان قىلدى.

رَفَعَ الْجَمَلُ: تۆگە تېز ماڭدى.

رَفَعَ عَنْهُ: يېنىكلەتتى.

رَفَعَ رَأْسًا لِفُلَانٍ: ھۆرمەتلىدى، ئىززەتلىدى، قەدىرلىدى.

رَفَعَ الدَّعْوَى عَلَى: ئەرز قىلدى، شىكايەت قىلدى.

رَفَعَ الْغِطَاءَ: پەردىنى ئېچىپ تاشلىدى، ئاشكارىلىدى، پاش قىلدى.

رَفَعَ الْعَرِيْضَةَ إِلَى: ئەرز سۇندى، مۇراجىئەتنامە سۇندى.

رَفَعَ الْخَطَرَ عَنْ: قامالنى بىكار قىلدى، مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى بىكار قىلدى.

رَفَعَ الْكَلِمَةَ: سۆزنى لەۋلەشكەن ئالامىتى بىلەن ئوقىدى، پەشلىك ئوقۇدى.

رَفَعَ مَكَانَتَهُ: ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈردى.

«وَرَفَعَ بَعْضَكُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَاتٍ» ‹قۇرآن›: بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى.

رَفَعَ الشَّيْءَ: كۆتۈردى، يۆتكىدى.

رَفَعَ الشَّخْصَ إِلَى الْحَاكِمِ: دەۋا قىلىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا باردى.

رَفَعَ الْبِنَاءَ: قۇرۇلۇشنى ئېگىزلەتتى.

رَفَعَ مَرْتَبَةً: مەرتىۋىسىنى ئۆستۈردى.

رَفَعَ الْحَاكِمُ الضَّرِيبَةَ: ھۆكۈمران باجنى بىكار قىلدى.

رَفَعَ اللّٰهُ الدُّعَاءَ وَالْعَمَلَ: ئاللاھ دۇئانى ۋە ئەمەلنى قوبۇل قىلدى.

رَفَعَ عَلَيْهِ قَضِيَّةً: ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى.

رَفَعَ صَوْتَهُ: ئاۋازنى كۆتۈردى، ئاۋازىنى يۇقىرىلاتتى.

رَفَعَ الْحَدِيثَ إِلَى النَّبِيِّ : ھەدىسنىڭ سەنەدىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلىدى.

رَفَعَ الْأَذَانَ: ئەزان ئېيتتى.

رَفَعَ السِّتَارَ عَنِ الشَّيْءِ : ئاشكارىلىدى.

رَفَعَ الْعَصَا عَلَيْهِ: ئۇرۇشقا ئۇرۇندى.

رَفَعَ قُبَّعَتَهُ: شىلەپىسىنى كۆتۈرۈپ سالام بەردى.

رَفَعَ لِوَاءَ الثَّوْرَةِ: ئىنقىلابقا باشچىلىق قىلدى.

رَفَعَ يَدَيْهِ: تەسلىم بولدى، ئىككى قولىنى كۆتۈردى.

رَفَعَ يَدَهُ عَنِ الْأَكْلِ وَ الشُّرْبِ: تاڭدىن بۇرۇن روزىنى نىيەت قىلدى.

رَفَعَ الْحَجَرَ مِنْ مَكَانِهِ: تاشنى ئورنىدىن كۆتۈردى.

اَللّٰهُ يَرْفَعُ وَيَخْفِضُ: ئاللاھ ئەزىز قىلىدۇ ۋە خار قىلىدۇ.

رَفَعَ الْعَيْشُ: تۇرمۇش كەڭ ـ كۇشادە بولدى، باياشات ياشىدى، پاراۋان بولدى.

رُفِعَ الْقَلَمُ عَنْ فُلَانٍ: بالاغەت يېشىغا يەتمىدى.

«وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَاهِيمُ الْقَوَاعِدَ مِنَ الْبَيْتِ وَإِسْمَاعِيلُ» «قرآن»: ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ...

لَايَرْفَعُ بَصَرَهُ فِي فُلَانٍ: ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

لَايَرْفَعُ رَأْسَهُ: ئۇيالدى، تارتىندى، ئىزا تارتتى.

لَايَرْفَعُ الْعَصَا عَنْ عَاتِقِهِ: قاتتىق ئىشلەيدۇ، كۆپ سەپەر قىلىدۇ.

لَمْ يَرْفَعْ لِي رَأْسًا: بېشىنى كۆتۈرمىدى، كۆڭۈل بۆلمىدى.

هَذَا أَمْرٌ يَرْفَعُ الرَّأْسَ: بۇ، كىشىگە شان ـ شەرەپ بېغىشلايدۇ.

رَفَعَ يَرْفُعُ رَفَاعَةً الشَّيْءُ: ئىنچىكىلىدى، نازۇكلاشتى.

رَفَعَ يَرْفُعُ رَفْعَةً الشَّخْصُ فِي حَسَبِهِ وَ نَسَبِهِ: پەزىلەت ۋە نەسەب جەھەتتىن شاراپەتلىك بولدى.

رَفَعَ الثَّوْبُ: كىيىم يۇپقا بولدى.

«رَفَعَ بَدَنُهُ» : بەدىنى نازۇكلاشتى.

رَفْعٌ: كۆتۈرمەك، ئۆرلەتمەك.

رَفْعُ الْمَالِ: باج ئالماسلىق، باجنى كەچۈرۈم قىلىش.

حَالَةُ الرَّفْعِ: باش كېلىش، ئىگە (گرامماتىكىدا)

عَلَامَةُ الرَّفْعِ: لەۋلەشتۈرۈپ ئوقۇش، «ئۇ» ئوقۇش بەلگىسى.

رَفْعُ الْأَثْقَالِ: ئېغىرلىق كۆتۈرۈش.

رَفْعُ الْيَدِ «فِي الْقَانُونِ التِّجَارِيِّ» : قەرزدارنى ئۆزىنىڭ مېلىنى تەسەررۇپ قىلىشىدىن چەكلىمەك.

مِدْفَعُ الرَّفْعِ: رامزان ئېيىدا روزىدارلىقنى يېيىشنى توختىتىش ئۈچۈن ئېتىلىدىغان توپ.

رَفْعُ نِسْبَةِ اسْتِغْلَالِ الْمُعَدَّاتِ: ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.

رَفْعٌ ج أَرْفَاعٌ: تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى، تۆۋەن قاتلام؛ قاقاسلىق، گىياھ ئۈنمەس يەر.

رِفْعَةٌ: ئۈستۈن بولماق، يۇقىرى بولماق.

رِفْعَةُ الْبَاشَا: مىسىردا پادىشاھلىق دەۋرىدە ئەمەلدارلارنى ھۆرمەتلەش سۆزى.

صَاحِبُ الرِّفْعَةِ: مىسىردا پادىشاھلىق دەۋرىدە ئەمەلدارلانى ھۆرمەتلەش سۆزى.

رِفْعَةُ الْمَقَامِ: يۇقىرى ئورۇن، يۇقىرى مەنسەپ، يۇقىرى مەرتىۋە.

رَفَغَ يَرْفُغُ رَفَاغَةً الْعِيشُ: تۇرمۇش پاراۋان بولدى، باياشات بولدى.

رَفِغَ يَرْفَغُ رَفَغًا: كىر بولۇپ كەتتى.

رَفْغٌ ج أَرْفَاغٌ وَرُفُوغٌ وَأَرْفُغٌ وَرِفَاغٌ: پاراۋان تۇرمۇش، باياشات تۇرمۇش، كەڭ يۇمشاق، ئاسان، تۈپىلىق جاي، مۇنبەت جاي، يان، تەرەپ، قۇرغاق يەر، بەدەندىكى كىر يىغىلىپ قالىدىغان جاي.

رُفْغٌ: تىرناق كىرى، قولتۇق كىرى، بەدەندىكى كىر.

رَفَّ يَرُفُّ رَفًّا الْقَلْبُ: يۈرەك سالدى، يۈرەك پوكۇلدىدى، يۈرەك سوقتى.

رَفَّ الشَّيْءُ: مىدىرلىدى.

رَفَّ الْجَنِينُ فِي الْبَطْنِ: ھامىلە قورساقتا مىدىرلىدى، ھامىلە تەۋرىدى.

رَفَّ الطَّائِرُ: قۇش قانات قاقتى.

رَفَّ اللَّبَنَ: كۈندە سۈت ئىچتى.

رَفَّ الْحَاجِبُ: قاش مىدىرلىدى، كۆتۈرۈلدى.

رَفَّ بِهِ الْقَوْمُ: ئاما ئۇنى ئورۇۋالدى.

رَفَّ قَلْبُهُ إِلَيْهِ: مەمنۇن بولدى، رازى بولدى.

رَفَّتْ عَيْنَاهُ: قاپىقى تارتتى.

رَفَّ الْبَرْقُ: چاقماق چاقنىدى.

رَفَّ بِهِ: ئۇنى ھۆرمەتلىدى.

رَقَّتْ عَلَيْهِ السَّعَادَةُ: ئۇنىڭ بەختى كەلدى.

رَقَّ الْبَيْتَ: ئۆيگە تەكچە قىلدى، تەكچە چىقاردى.

رَقٌّ: يۇرەك سوقماق، يۇرەك سالماق.

رَفٌّ ج رُفُوفٌ وَرِفَافٌ: تاختا بېشى، تەكچە، ئاسما جازا، جازا؛ پادا.

رَفُّ النَّافِذَةِ: دېرىزە تەكچىسى.

وَضَعَ عَلَى الرَّفِّ: تەكچىگە قويدى.

«وَضَعْتُ الْكِتَابَ عَلَى الرَّفِّ»: كىتابنى تەكچە ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم.

«عَلَى رُفُوفِ قَاعَةِ الْمُطَالَعَةِ أَنْوَاعٌ كَثِيرَةٌ مِنَ الصُّحُفِ وَالْمَجَلاَّتِ»: قىرائەتخانىدىكى جازا ئۈستىدە نۇرغۇن ھەر خىل گېزىت ۋە ژۇرناللار بار.

رُفٌّ. رُفَّةٌ: شال پاخىلى، شال سامىنى.

رِفٌّ: كۈنلۈك سۇ ئىچىش مىقدارى (سۇ).

رِفًّا: ھەر كۈنلۈكى، ھەر كۈندە.

أَصَابَتْهُ الْحُمَّى رِفًّا: ئۇنىڭ قىزىتمىسى ھەر كۈندە ئۆرلىمەيدۇ.

رَفَّاءٌ ج رَفَّاؤُونَ: كونا كىيىملەرنى ئوڭشاش، تۈزەش، ياماش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار.

رَفَّأَ يُرَفِّأُ تَرْفِيئَةً الْمُتَزَوِّجَ: يېڭى توي قىلغان يىگىتكە «ئىناق ئىجىل ياشاپ، نەۋرە - چەۋرىلىك بولغايسىز» دېدى.

رَقَّاسٌ ج رَقَّاسُونَ: ماتورلۇق كېمە.

«اِشْتَرَى رَقَّاسًا جَدِيدًا لِلنُّزْهَةِ»: ساياھەت قىلىش ئۈچۈن يېڭى ماتورلۇق كېمە سېتىۋالدى.

رَقَّاصٌ ج رَقَّاصَاتٌ: ماتورلۇق قولۋاق.

رَقَّاعٌ: كىران.

رَقَّاقٌ: مىدىرلىغۇچى، تىترىگۈچى، شائىلىق، پارلاق، پارقىراق.

ثَغْرٌ رَقَّاقٌ: پارقىراق چىش.

رَفَّعَ يُرَفِّعُ تَرْفِيعًا الْمُوَظَّفَ: خىزمەتچىنى ئۆستۈردى.

رَفَّعَ يَدَهُ: بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈردى.

رَفَّهَ يُرَفِّهُ تَرْفِيهًا الشَّخْصُ عَنْ نَفْسِهِ: ھاياتىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى تۈگىتىپ، كەڭ - كۇشادە ياشىدى.

رَفَّهَهُ: راھەت كۆرسەتتى، ھۇزۇرلاندۇردى.

«رَفَّهَ الأَبُ ابْنَهُ»: ئاتا بالىنى راھەت ياشاتقۇزدى.

رَفَقَ يَرْفُقُ رِفْقًا وَمَرْفَقًا و مِرْفَقًا بِهِ أَوْ لَهُ أَوْ عَلَيْهِ: سىلىق مۇئامىلە قىلدى.

رَفَقَ فِي السَّيْرِ: ئاستا ماڭدى.

رَفَقَهُ: ئۇنىڭغا ياردەم بەردى، بىلىكىگە ئۇردى، ئوقۇدى.

رَفَقَ الرَّجُلُ الْمَرْأَةَ: ئەر ئايال دوستلاشتى، ئاشنا بولدى.

رَفُقَ الشَّخْصُ: ھەمراھ بولدى، يولداش بولدى، (سەپەردە ياكى يولدا).

رَفِقَ يَرْفَقُ رِفْقًا وَمَرْفِقًا وَمِرْفَقًا بِهِ أَوْ لَهُ أَوْعَلَيْهِ: سىلىق مۇئامىلە قىلدى.

رِفْقٌ: مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق، سىلىقلىق.

«إِنَّ اللّٰهَ يُحِبُّ الرِّفْقَ فِي الأَمْرِ كُلِّهِ» (حديث): ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشتا مۇلايىم بولۇشنى سۆيىدۇ.

جَمْعِيَّةُ الرِّفْقِ بِالْحَيَوَانَاتِ: ھايۋاناتلارنى قوغداش جەمئىيىتى.

«اَللّٰهُمَّ رِفْقًا بِعِبَادِكَ»: ئى ئاللاھ! بەندىلىرىڭگە مەرھەمەت قىلغىن (دۇئا).

«رِفْقًا بِالْقَوَارِيرِ»: ئاياللارغا مۇلايىم مۇئامىلىدە بولۇڭلار.

رُفْقَةٌ ج رِفَاقٌ وَ أَرْفَاقٌ: ھەمراھ، رەپىق، يولداش، ئۈلپەت، جورا.

«خَرَجْتُ فِي رُفْقَةٍ مِنَ الأَصْدِقَاءِ»: بىر تۈركۈم دوستلار بىلەن چىقتىم.

«هَذِهِ الْفَوَاكِهُ أَحْضَرْتُهَا إِلَيْكَ مِنَ الرِّفَاقِ الآخَرِينَ»: بۇ مېۋىلەرنى ساڭا باشقا يولداشلاردىن ئېلىپ كەلدىم.

رَفَلَ يَرْفُلُ رُفُولاً الشَّخْصُ فِي ثِيَابِهِ أَوْ فِي مَشْيِهِ: مەغرۇرانە ماڭدى، كۆرەڭلىدى، غادىيىپ ماڭدى.

رَفَلَ فِي بُحْبُوحَةِ نِعَمِهِ: راھەت ـ پاراغەتتە ياشىدى، ئەيش ـ ئىشرەتتە ياشىدى.

رَفَلَ السَّجِينُ فِي قَيْدِهِ: مەھبۇس پۇتىنى كىشەن بىلەن سۆرەپ ماڭدى.

رَفَلَ الشَّخْصُ فِي النِّعْمَةِ: باياشات ياشىدى.

رَفْلٌ ج رُفُولٌ و أَرْفَالٌ: ئېتەك.

رَفْلُ الثَّوْبِ: كىيىمنىڭ ئېتىكى.

رَفَلٌ: قويرۇقى ئۇزۇن ھايۋان، كەڭ كىيىم، سېمىز ئادەم.

عَيْشٌ رِفَلٌ : پاراۋان تۇرمۇش.

رَفَهَ يَرْفَهُ رَفَاهَةً الشَّخْصُ: باياشات ياشىدى، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈردى.

رَفَهَ عَيْشُهُ: تۇرمۇشى باياشات بولدى.

رَفُهَ يَرْفُهُ رَفَاهَةً وَرَفَاهِيَةً وَرَفَاهًا الشَّخْصُ: باياشات تۇرمۇش كەچۈردى، كەڭ ـ كۇشادە تۇرمۇش كەچۈردى.

رَفْهَانٌ: ئىستىراھەت قىلغۇچى، ئارام ئالغۇچى، باياشات ياشىغۇچى.

رَفَهَةٌ : مېھرىبانلىق، رەھمەتلىك، كۆيۈمچانلىق، مېھرى ـ شەپقەت.

رُفُوثٌ: سەت گەپ؛ ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش.

رَفُوسٌ: تەپكەك.

دَابَّةٌ رَفُوسٌ : تەپكەك ئۇلاق.

رُفُوضٌ : رەت قىلماق؛ چېچىلىپ كەتكەن ئوت ـ چۆپ.

رُفُوضُ النَّاسِ: كىشىلەر گۇرۇھى، كىشىلەر پىرقىسى.

رَفِيضٌ: رەت قىلىنغان؛ تەر؛ سۇنۇق نەيزە.

رَفِيعٌ: يۇكسەك، ئالىي، يۇقىرى، ئۈستۈن.

رَجُلٌ رَفِيعٌ: ئالىيجاناب ئادەم.

مَقَامٌ رَفِيعٌ: يۇكسەك ئورۇن، يۇكسەك جاي، يۇكسەك دەرىجە.

رَفِيعُ الْقَدْرِ: يۇقىرى مەرتىۋىلىك، كۆزگە كۆرۈنگەن، داڭدار، ئالاھىدە.

صَاحِبُ الْمَقَامِ الرَّفِيعِ: باش مىنىستىر ئالىيلىرى.

الرَّفِيعُ وَ الْوَضِيعُ: ھۆرمەتلىك ۋە پەسكەش؛ قىممەت ۋە ئەرزان.

«رَفِيعُ الدَّرَجَاتِ ذُوالْعَرْشِ» «قرآن» : ئاللاھنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرىدۇر، (ئاللاھ) ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر.

رَفِيقٌ ج رُفَقَاءُ وَرِفَاقٌ: دوست، ھەمراھ، شېرىك، يولداش، خىزمەتداش، رەپىق، سۆھبەتداش؛ ئىللىق، يۇمشاق، يېقىملىق؛ ئېرى.

رَفِيقٌ بِالسِّلَاحِ: سەپداش.

رَفِيقُ الْمَدْرَسَهِ: ساۋاقداش، مەكتەپداش.

رَفِيقُ الْعُمْرِ: ئەر.

ذَهَبَ إِلَى الرَّفِيقِ الْأَعْلَى: قازا قىلدى، ۋاپات بولدى.

«عَرَضَ عَلَيْهَا أَنْ تَكُونَ رَفِيقَتَهُ فِي حَيَاتِهِ» : ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك رەپىقىسى بولۇش تەلىپىنى قويدى.

«وَالشُّهَدَاءِ وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا»

«قرآن» : شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلارنىمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار.

رُفَقَاءُ السُّوءِ: يامان ئۇلپەتلەر، ناچار ئۇلپەتلەر.

رَفِيقَةٌ ج رَفَائِقُ و رَفِيقَاتٌ: ئايال دوست، قىز دوست، مەشۇقى، ئاشنا.

رَفِيقَةٌ فِي السَّفَرِ: سەپەردىشى.

رَفِيقُ الْحَيَاةِ: ئەر.

رَفِيقَةٌ فِي الْمَدْرَسَةِ: ساۋاقدىشى، مەكتەپدىشى.

رَقَابَةٌ: باشقۇرماق، تەكشۈرمەك، نازارەت قىلماق، كۆزەتمەك.

رَقَابَةُ الْبَرِيدِ: پوچتا تەكشۈرۈشى.

رَقَابَةُ الْمَطْبُوعَاتِ: مەتبۇئاتنى تەكشۈرمەك، نەشر قىلىنغان ئەسەرنى تەكشۈرمەك.

اَلرَّقَابَةُ الْإِدَارِيَّةُ: مەمۇرىي تەكشۈرۈش.

اَلرَّقَابَةُ الْقَاصِيَةُ: يىراقتىن باشقۇرماق.

«وَضَعَهُ تَحْتَ الرَّقَابَةِ الصِّحِّيَّةِ» : سەھىيە تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

رُقَادٌ: ئۇيقۇ، ئۇخلىماق؛ ياتماق، يېنى ياتماق.

وَقْتُ الرُّقَادِ: ئۇخلاش ۋاقتى.

رُقَارِق: تېيىز سۇ.

رَقَّاش: چار يىلان.

ذَاتُ الرِّقَاعِ: زاتۇررىقا (ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى يۈز بەرگەن غازات).

رَقَاعَةٌ: ھاياسىزلىق، ئۇياتسىزلىق، نومۇسسىزلىق؛ نادانلىق؛ بىھايالىق؛ ھاماقەتلىك، ئەخمەقلىق، دۆتلۈك.

رُقَاقٌ: چەلپەك نان، نېپىز نان.

رُقَاقَةٌ ج رُقَاقَاتٌ: بىردانە چەلپەك نان.

رِقَانٌ: خېنە، زەپە.

رَقَأَ يَرْقَأُ رَقْئًا وَرُقُوءًا الدَّمُ: قان ئۇيۇپ قالدى، توختىدى.

رَقَأَ بَيْنَهُمْ أَوْ مَا بَيْنَهُمْ: ئارىنى تۈزىدى.

لَارَقَأَتْ دَمْعَةُ فُلَانٍ: كۆز يېشى قۇرىمىسۇن (بەددۇئا)

رَقَبَ يَرْقُبُ رَقْبًا وَرُقُوبًا: كۆزەتتى، باقتى، قورىقتى، رىئايە قىلدى.

«كَيْفَ وَإِنْ يَظْهَرُوا عَلَيْكُمْ وَلَا يَرْقُبُوا فِيكُمْ إِلًّا وَلَا ذِمَّةً» «قۇرئان»: مۇشرىكلار ئەھدىسىگە قانداقمۇ ۋاپا قىلسۇن؟ ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ئۈستىڭلاردىن غەلىبە قىلسا، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا نە تۇغقانچىلىق، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ.

رَقَبَ النَّجْمَ: يۇلتۇزنى كۆزەتتى.

رَقَبَ اللّٰهَ فِي عَمَلِهِ: قىلغان ئەمەلىدە ئاللاھدىن قورقتى.

رَقَبَهُ: ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلدى، ئۇنىڭدىن ساقلاندى؛ ئۇنىڭغا قارىدى؛ ئۇنىڭغا مۇنتەزىر بولدى؛ ئۇنى كۈتتى؛ ئۇنى قوغدىدى؛ ئۇنى ساقلىدى.

«يَرْقُبُ وُصُولَ الطَّائِرَةِ بِلَهْفَةٍ»: ئايروپىلاننىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە.

بَاتَ يَرْقُبُ النَّجْمَ: بىدار بولدى، كېچىچە كۆز يۇممىدى.

«إِنِّي خَشِيتُ أَنْ تَقُولَ فَرَّقْتَ بَيْنَ بَنِي إِسْرَائِيلَ وَلَمْ تَرْقُبْ قَوْلِي» «قۇرئان»: مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، سۆزۈمگە دىققەت قىلماپسەن، دېيىشىڭدىن قورقتۇم.

«لَا يَرْقُبُ فِيهِ إِلًّا وَلَا ذِمَّةً»: ئەھدىگە ۋە ھەققە رىئايە قىلمايدۇ.

رَقِبَ يَرْقَبُ رَقَبًا الشَّخْصُ: بويىنى يوغىنىدى.

رَقَبَانِيٌّ: بويىنى يوغان.

رَقَبَةٌ ج رِقَابٌ: گەدەن، بويۇن؛ زىممە؛ قول.

اَلْمَوْتُ عَلَى الرِّقَابِ: ئۆلۈمدىن ھېچ ئادەم قۇتۇلالمايدۇ.

«اَلْأَحْدَاثُ يَأْخُذُ بَعْضُهَا بِرِقَابِ بَعْضٍ»: كەينى-كەينىدىن كېلىدۇ، ئارقىمۇ ئارقا كېلىدۇ.

عَلَى رَقَبَتِهِ خَمْسُ بَنَاتٍ: بەش قىزنى بېقىش ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن.

«دَيْنُكَ فِي رَقَبَتِي»: سېنىڭ قەرزىڭ مېنىڭ زىممەمدە.

غَلِيظُ الرَّقَبَةِ: تىز پۈكمەس، سۇباتلىق، غەيرەتلىك؛ تەرسا، كاج، بويىنى قاتتىق، تەتۈر.

لَحْمُ الرَّقَبَةِ: بويۇن گۆشى.

أَعْتَقَ رَقَبَةً: قۇل ئازاد قىلدى.

«فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُؤْمِنَةٍ» «قۇرئان»: بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم.

رِبَاطُ الرَّقَبَةِ: گالستۇك.

«هٰذَا الْأَمْرُ فِي رَقَبَتِكَ»: بۇ ئىش ساڭا باغلىق.

فَكَّ رَقَبَةً: قۇل ئازاد قىلىندى.

«اِقْطَعْ رَقَبَةَ عَدُوِّكَ بِالسَّيْفِ»: قىلىچ بىلەن دۈشمىنىڭنىڭ بويىنىنى كەسكىن.

رَقَبَتِي سَدَادَةٌ: بارلىق مېلىم بىلەن ياردەم قىلىمەن دەپ ۋەدە قىلماق.

رِقْبَةٌ: كۆزەتمەك، تەكشۈرمەك.

رُقْبَى: مەن ئۆلسەم سېنىڭ بولىدۇ، سەن ئۆلسەڭ قايتۇرىۋالىمەن، دېگەن شەرت بىلەن بىرسى يەنە بىرسىگە ئۆي ياكى زېمىننى ئۆتكۈزۈپ بېرىش.

رَقَدَ يَرْقُدُ رُقَادًا الشَّخْصُ: ئۇخلىدى، ئوڭدىسىغا

ياتتى؛ ئۆزاردى.

رَقَدَ رَقْدَتَهُ الْأَخِيرَةَ: ئۆلدى.

«رَقَدَ عَلَى السَّرِيرِ» : كارىۋاتتا ئۇخلىدى.

رَقَدَ الْحَرُّ: ئىسسىق پەسەيدى، تىنجىدى، توختىدى.

«رَقَدَ الْعَكَرُ وَالثُّفْلُ» : دوغ قاچىنىڭ ئاستىغا تىنىپ قالدى.

رَقَدَ لِمَرَضٍ أَصَابَهُ: كېسەل بولۇپ قالدى، ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

رَقَدَتِ السُّوقُ: بازار كاساتلاشتى.

«رَقَدَتِ الدَّجَاجَةُ عَلَى بَيْضِهَا» : مېكىيان تۇخۇم باستى.

رَقْدَتُهُ الْأَبَدِيَّةُ: مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتتى، باقى دۇنياغا سەپەر قىلدى.

رَقْدَةٌ: ئۇيقۇ، ياتماق، ئۇخلىماق، يېنى ياتماق.

رُقَدَةٌ: ئۇيقۇچان، كۆپ ئۇخلايدىغان.

رَقْرَاقٌ: چاقناپ تۇرغان، پارقىراق، نۇرلۇق.

دَمْعٌ رَقْرَاقٌ: ئەگىكەن ياش؛ پارقىراپ تۇرغان ياش.

رَقْرَقَ يُرَقْرِقُ رَقْرَقَةً الْمَاءَ أَوْ نَحْوَهُ: سۇ قاتار-لىقلارنى تۆكتى، قۇيدى.

رَقْرَقَ الْخَمْرَ: هاراقىقا سۇ ئارىلاشتۇردى.

رَقْرَقَ دَمْعَهُ: كۆزىگە ياش ئالدى، كۆز يېشى قىلدى.

رَقْرَقَ الشَّرَابَ : شارابقا سۇ ئارىلاشتۇردى.

رَقْرَقَ الثَّرِيدَ بِالدَّسَمِ: شورپىغا چىلانغان ناننى مايغا ئېلىشتۇردى، ئارىلاشتۇردى.

رَقَزَ يَرْقُزُ رَقْزًا الْعِرْقُ: تومۇر سوقتى، تومۇر ئۇردى.

رَقَشَ يَرْقُشُ رَقْشًا الْفَنَّانُ الرَّسْمَ: ئىجادىيەتچى رەسىمگە رەڭ بەردى، رەڭدار قىلدى، بېزىدى، زىننەتلىدى.

رَقَّشَ النَّمَّامُ كَلَامَهُ: گەپ توشۇغۇچى سۆزىنى پەردازلىدى.

رَقَّشَ الْكِتَابَ: يازدى، چېكىت قويدى.

رَقِشَ يَرْقَشُ رَقَشًا لَوْنُهُ: رەڭدار بولدى، ئالا - بۇلىماچ بولدى.

حَيَّةٌ رَقْشَاءُ: چار يىلان.

رَقَصَ يَرْقُصُ رَقْصًا الشَّخْصُ: ئۇسسۇل ئوينىدى، ساما سالدى.

فُلَانٌ يَرْقُصُ فِي كَلَامِهِ: يېنىك، تېز سۆزلىدى.

رَقَصَ فَرَحًا وطَرَبًا: خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتى.

رَقَصَ الْبَعِيرُ: تۆگە تېز ماڭدى.

رَقَصَ فُؤَادُهُ بَيْنَ جَنَاحَيْهِ: پاراكەندە بولدى.

يَرْقُصُ عَلَى الْحَبْلِ: جاھانساز بولدى، شامالنىڭ چىقىشىغا قاراپ ئۇسسۇل ئوينىدى.

رَقْصٌ: ئۇسسۇل ئوينىماق، ساما سالماق، تانسا، ئۇسسۇل.

رَقْصٌ سَنْجِيٌّ: ئۇسسۇل كېسىلى (نېرۋا كېسىلى سەۋەبىدىن پۇت - قوللار ياكى يۈز مۇسكۇللىرى تىترەپ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان كېسەل).

أَبُو الرَّقْصِ: بېلىقچى قۇش.

عِلْمُ الرَّقْصِ: ئۇسسۇلشۇناسلىق.

قَاعَةُ الرَّقْصِ: ئۇسسۇلخانا، تانسىخانا.

حَفْلَةُ الرَّقْصِ: تانسا كېچىلىكى، ئۇسسۇل كېچىلىكى.

رَقْصٌ تَعْبِيرِيٌّ: بالېت ئۇسسۇلى.

رَقْصٌ جَمَاعِيٌّ: كوللېكتىپ ئۇسسۇل.

رَقْصٌ شَرْقِيٌّ: شەرق ئۇسسۇلى.

رَقْصٌ وَطَنِيٌّ: مىللىي ئۇسسۇل.

رَقْصٌ شَعْبِيٌّ: مىللىي ئۇسسۇل.

رَقْصَةٌ ج رَقَصَاتٌ: بىر قېتىملىق ئۇسسۇل، بىر قېتىملىق تانسا.

رَقَطَ يَرْقُطُ رَقْطًا الشَّيْءَ: داغ چۈشۈردى، ئىز قالدۇردى، چەل قىلدۇردى.

رَقِطَ يَرْقَطُ رَقَطًا الشَّيْءُ: چەل بولدى، داغ بولۇپ قالدى.

رَقْطَاءُ ج رُقْطٌ: جېدەل، پىتنە - ئىغۋا، ماجىرا، غەۋغا، توپىلاڭ؛ چار يىلان.

حَيَّةٌ رَقْطَاءُ: چار يىلان.

سُلَيْسِلَةٌ وسَلْسَلَةٌ رَقْطَاءُ: زەھەرلىك كەسلەنچۈك.

رُقْطَة ج رُقَط: چېل، داغ، داغ ئىزى.

رَقَعَ يَرْقَعُ رَقْعًا الثَّوْبَ: كىيىمنى ياماقلىدى، كىيىمگە ياماق سالدى.

رَقَعَهُ بِكَفِّهِ: ئۇنى شاپىلاق بىلەن ئۇردى.

رَقَعَ الْبَابَ: ئىشىكنى قاقتى.

رَقَعَ أُمُورَهُ: ئىشلىرىنى ئوڭشىدى.

رَقُعَ يَرْقُعُ رَقَاعَةً الْفَتَى: يىگىت ئەخمەقلىق قىلدى، دۆتلۈك قىلدى، ئەقىلسىزلىق قىلدى، نومۇسسىزلىق قىلدى.

رُقْعَة ج رُقَعٌ وَرِقَاعٌ: ياماق، ياماقلىق، لاتا، رەخت پارچىسى، تاختاي، (يەر ياكى قەغەز) بىر پارچە.

رُقْعَةُ الشَّطْرَنْجِ: شاھمات تاختىسى.

رُقْعَةُ الْعُنْوَانِ: ماركا؛ قول قويۇلغان قەغەز.

«أَرْسَلَ إِلَيْهِ رُقْعَةً يَشْكُو فِيهَا حَالَهُ»: ھالىدىن شىكايەت قىلىپ ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يوللىدى.

رُقْعَةُ الْأَرْضِ: بىر پارچە زېمىن.

رُقْعَةُ الدَّعْوَةِ: تەكلىپ قەغىزى، باغاق، تەكلىپنامە.

خَطُّ الرُّقْعَةِ: روقئە خەت نۇسخىسى.

رَقَّ يَرِقُّ رِقًّا وَرِقَّةً الشَّخْصُ: نازۇكلاشتى، كىچىكلىدى، ئورۇقلىدى.

رَقَّ عَظْمُهُ: يېشى چوڭىيىپ ئاجىزلىشىپ كەتتى.

رَقَّ لَهُ قَلْبُهُ: ئىچ ئاغرىتتى.

رَقَّ جَانِبُهُ: سىلىق مۇئامىلە قىلدى.

رَقَّ لَهُ: ئىچى ئاغرىدى، ئىچىندى.

رَقَّتْ حَالُهُ: ئەھۋالى خارابلاشتى، ئەھۋالى ناچارلاشتى، قىيىن ھالدا قالدى.

رَقَّ وَجْهُهُ: ئۇيالدى، ھايا قىلدى، ئىزا تارتتى، خىجىل بولدى.

رَقّ ج رُقُوق: خەت يازىدىغان نېپىز تېرە، سۈت قەغەز.

«وَالطُّورِوَكِتَابٍ مَسْطُورٍ فِي رَقٍّ مَنْشُورٍ» (قۇرئان): تۇرتىبغى بىلەن قەسەمكى، ئوچۇق قەغەزگە يېزىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) بىلەن قەسەمكى.

رِقّ: قۇللۇق، قۇللۇق تۈزۈم.

إِلْغَاءُ نِظَامِ الرِّقِّ: قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلماق.

«حَارَبَ الْإِسْلَامُ الرِّقَّ»: ئىسلام دىنى قۇللۇققا قارشى كۈرەش قىلدى.

رَقَّاءٌ: ئەپسۇنكەش، جىنكەش، داخان؛ ئالىي يۇكسەك، ئۆرلىگۈچى، تەرىبىيىلىك.

رَقَّاءٌ ج رَقَّاؤُونَ: دەم سېلىشقا ئۇستا ئادەم، ئەپسۇنچى.

رَقَّاصٌ ج رَقَّاصُونَ: ئۇسسۇلچى، ساماچى.

رَقَّاصَةٌ ج رَقَّاصَاتٌ: ئۇسسۇلچى.

رِقَّةٌ: نازۇكلۇق، نېپىزلىك، ئىنچىكىلىك، يىڭنىكلىك، ئەۋرىشىملىك.

رِقَّةُ الْجَانِبِ: مۇلايىملىق، خۇشخۇيلۇق.

رِقَّةُ الطَّبْعِ: ئىسسىق چىراي، خۇشخۇيلۇق، مېھرىبانلىق، ياۋاشلىق.

رِقَّةُ الشُّعُورِ: زېرەكلىك، چېچەنلىك، سەزگۈرلۈك، تۇيغۇنلۇق.

رِقَّةُ الْقَلْبِ: مېھىر - شەپقەت.

رِقَّةُ الْكَلَامِ: مۇلايىم سۆز.

رِقَّةُ حَالِهِ: قولى قىسقىلىق، نامراتلىق.

«عَجِبْتُ مِنْ قِلَّةِ مَالِهِ وَرِقَّةِ حَالِهِ»: ئۇنىڭ پۇل - مېلىنىڭ ئازلىقى ۋە ھالىنىڭ خارابلىقىدىن ھەيران قالدىم.

رِقَّةُ الدِّينِ: دىنىي ئاجىز.

رِقَّةُ الْعَيْشِ: تۇرمۇشنىڭ پاراۋانلىقى.

رَقَّدَ يُرَقِّدُ تَرْقِيدًا: ئۇخلاتتى.

رَقَّدَ الْبَيْضَ: مېكىيانغا تۇخۇم باستۇردى، سۇنئىي ئۇسۇلدا چۈجە چىقىرىشقا كىرىشتى.

رَقَّشَ يُرَقِّشُ تَرْقِيشًا الشَّيْءَ: رەڭ بەردى، رەڭدار قىلدى، بېزىدى، زىننەتلىدى.

رَقَّصَ يُرَقِّصُ تَرْقِيصًا: ئۇسسۇل ئويناتتى، ئەخمەق قىلدى.

رَقَّطَ يُرَقِّطُ تَرْقِيطًا عَلَى الثَّوْبِ: كىيىمنى چەل قىلدى، كىيىمنى داغ قىلدى.

رَقَّعَ يُرَقِّعُ تَرْقِيعًا الثَّوْبَ: كىيىمنى يامىدى.

رَقَّعَ العَيْنَ: كۆزدىن كۆچۈردى.

رَقَّقَ يُرَقِّقُ تَرْقِيقًا الْوَعْظُ قَلْبَهُ: ۋەز دىلىنى ئېرىتتى، تەسىرلەندۈردى.

رَقَّقَ الْمُتَحَدِّثُ كَلاَمَهُ: سۆزلىگۈچى سۆزنى چىرايلىق قىلدى.

رَقَّقَ الْخَابِزُ الرَّغِيفَ: ناۋاي ناننى نېپىز قىلدى.

رَقَّقَ الْمُتَكَلِّمُ الصَّوْتَ: سۆزلىگۈچى ئاۋازىنى ئىنچىكە چىقاردى.

رَقَّمَ يُرَقِّمُ تَرْقِيمًا الْكِتَابَ: كىتابقا تىنىش بەلگىسى قويدى.

رَقَّمَ الْحِصَانَ: ئاتقا تامغا باستى.

رَقَّمَ الْفَقْرَةَ أَوِ الرِّسَالَةَ أَوِ السِّلْعَةَ: ئابزاس ياكى تاۋار ماللارغا نومۇر قويدى.

رَقَّنَ يُرَقِّنُ تَرْقِينًا الْكِتَابَ: خەتنى زىچ يازدى.

رَقَّنَ الشَّيْءَ: نەرسىنى بېزىدى، نەرسىنى چىرايلىق قىلدى، نەرسىگە زىننەت بەردى.

رَقَّى يُرَقِّي تَرْقِيَةً: ئۆستۈردى، ئىلگىرىلەتتى، تەرەققىي قىلدۇردى، ئۆرلەتتى.

«لَقَدْ رَقَّاكَ إِخْلاَصُكَ وَتَفَانِيكَ فِي عَمَلِكَ»: سىنىڭ خىزمىتىڭگە بولغان سادىقلىقىڭ ۋە پىداكارلىقىڭ سېنى ئۆستۈردى.

رَقَمَ يَرْقُمُ رَقْمًا عَلَيْهِ: كىتاب يازدى، خاتىرىلىدى.

رَقَمَ فِيهِ: يازدى.

رَقَمَ الْكِتَابَ: يازدى.

رَقَمَ الْحِصَانَ : ئاتقا ئەن سالدى.

رَقَمَ الصَّحِيفَةَ: كىتابقا چېكىتلەرنى ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى قويدى.

رَقَمَ الثَّوْبَ: كىيىمنى كەشتىلىدى.

رَقْمٌ ج أَرْقَامٌ وَ رُقُومٌ: سان، نومۇر، رەقەم.

«ضَعْ رَقْمًا عَلَى هَذِهِ الْحَقِيبَةِ لِيَسْهُلَ التَّعَرُّفُ عَلَيْهَا»: تونۇۋېلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بۇ چامادانغا نومۇر سېلىپ قويسىڭىز.

رَقْمٌ قِيَاسِيٌّ: رېكورت.

«ضَرَبَ الرَّقْمَ الْقِيَاسِيَّ»: رېكورتنى بۇزدى.

حَطَّمَ الرَّقْمَ الْقِيَاسِيَّ: رېكورتنى بۇزدى.

سَجَّلَ رَقْمًا قِيَاسِيًّا: رېكورت ياراتتى.

ضَرَبَ الرَّقْمَ الْقِيَاسِيَّ الْعَالَمِيَّ: دۇنيا رېكورتىنى بۇزدى.

رَقْمُ القَيْدِ: ئالاقە نومۇرى، تىزىملاش نومۇرى.

اَلْأَرْقَامُ الْعَرَبِيَّةُ: ئەرەبچە رەقەم، ئەرەب رەقىمى، (1، 2، 3 ...)

اَلْأَرْقَامُ الهِنْدِيَّةُ: ھىندىچە رەقەم، ھىندى رەقىمى (١، ٢، ٣ ...)

أَرْقَامٌ سِرِّيَّةٌ: مەخپىي رەقەم، مەخپىي نومۇر، شىفىر.

أَرْقَامٌ إِصْطِلاَحِيَّةٌ: مەخپىي نومۇر، مەخپىي رەقەم، شىفىر.

رَقْمِيٌّ: سانلىق.

رَقْمِيَّةٌ: سان، مىقدار.

رَقَنَ يَرْقُنُ رَقْنًا الْكِتَابَ: خەتنى چىرايلىق يازدى.

رَقَنَةٌ: ماشىنكىدا خەت ئۇردى.

رَقْوٌ. رَقْوَةٌ: قۇم دۆۋىسى، قۇم بارخىنى.

رَقُوءٌ: قان توختىتىش دورىسى.

رَقُوءُ الْجُرْحِ: قان توختىتىش دورىسى، بىنت.

اَلدِّيَةُ رَقُوءُ الدَّمِ: تۆلەم قاتىلنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالىدۇ.

رُقْوَائِيٌّ م رُقْوَائِيَّةٌ: ئەپسۇن ئوقۇغۇچى، جىنلاردىن مەدەت تىلىگۈچى.

رُقُوبٌ: ئىنتىزار بولماق، كۈتمەك، قارىماق.

رَقُوبٌ: قېرى ۋە تۇل ئايالالاردىن بىرەر كەسىپ قىلىشقا مادارى يەتمەيدىغان ۋە كەسپىي يوق ئادەم.

رَقْوَةٌ ج رُقًى ورُقْيَاتٌ: ئەپسۇن، تىل تۇمار، تۇمار؛ دەمىدە قىلماق، دەم سالماق.

رُقُودٌ: ئۇيقۇ، ياتماق، ئۇخلىماق، يېنىچە ياتماق.

«وَتَحْسَبُهُمْ أَيْقَاظًا وَهُمْ رُقُودٌ» (قرآن):

ئۇلارنى ئويغاق دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى ئۇلار ئۇيقۇدىدۇر.

رَقُودٌ: ئۇيقۇچان.

رَقُونٌ: خىنە، زەپە.

رَقِيَ يَرْقِي و يَرْقَى رَقْيًا ورُقْيَةً الْمَرِيضَ: كېسەلگە دەم سېلىپ قويدى.

رَقِيَ الْجَبَلَ: تاغقا چىقتى، تاغقا ئۆرلىدى.

«أَوْ يَكُونَ لَكَ بَيْتٌ مِنْ زُخْرُفٍ أَوْ تَرْقَى فِي السَّمَاءِ» «قرآن»: ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن ياكى سەن (شوتا بىلەن) ئاسمانغا چىققىن...

رَقِيَ يَرْقَى رَقْيًا الشَّخْصَ الشَّيْءَ أَوْ إِلَيْهِ أَوْ عَلَيْهِ أَو فِيهِ: ئۆرلىدى، ئېگىزلىدى، ئېگىزگە چىقتى.

لَايُرْقَى إِلَى كَلَامِهِ شَكٌّ: ئىشەنچلىك ئادەم راست سۆزلۈك ئادەم.

رَقِيٌّ: يۇقىرى ئۆرلىمەك، ئۆسمەك، ئىلگىرىلىمەك، تەرەققىي قىلماق، كۆتۈرۈلمەك، گۈللىنىمەك.

رَقِيبٌ ج رُقَبَاءُ: كۆزەتچى، ساقلىغۇچى، مارىغۇچى، پايلىغۇچى، مۇھاپىزەتچى، قوغدىغۇچى.

رَقِيبٌ عَتِيدٌ: سەگەك كۆزەتچى.

اَلرَّقِيبُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە.

«فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِي كُنْتَ أَنْتَ الرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ» «قرآن»: مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان سەن ئىدىڭ.

رَقِيعٌ ج أَرْقِعَةٌ: ئاسمان، ئاسمان بوشلۇقى.

رَقِيقٌ ج أَرِقَّاءُ: نېپىز، ئىنچىكە، نازۇك.

رَقِيعَةٌ ج رَقَائِعُ وَرَقِيعَاتٌ: ئەخمەق، دۆت، گالۋاڭ.

رَقِيقُ الْمَعَانِي: نازۇك مەنىلىك، ئىنچىكە مەنىلىك.

رَقِيقُ الْمِزَاجِ: خۇش پېئىل، خۇشخۇي.

كَلَامٌ رَقِيقُ الْحَوَاشِيّ: نازاكەتلىك سۆز.

«أَنْتَ رَجُلٌ هَادِئُ الطَّبْعِ رَقِيقُ الْجَانِبِ»: سەن تەمكىن، مۇلايىم ئادەم.

رَقِيقٌ ج رِقَاقٌ: قۇل.

اَلرَّقِيقُ الْأَبْيَضُ: ئاياللارنى كوللېكتىپ شەكىلدە نومۇسىنى سېتىشقا زورلاش.

«تُحَرِّمُ كُلُّ الْقَوَانِيْنِ الْإِتِّجَارَ بِالرَّقِيْقِ الْأَبْيَضِ»: ئاياللارنى كوللېكتىپ شەكىلدە نومۇسىنى سېتىشقا زورلاشنى بارلىق قانۇنلار چەكلەيدۇ.

تِجَارَةُ الرَّقِيْقِ: قۇل سودىسى.

تَاجِرُ الرَّقِيْقِ: قۇل سودىگىرى.

غَيْرُ رَقِيْقٍ: قوپال، يىرىك، توڭ.

رَقِيْقُ اللَّفْظِ: تەلەپپۇزى يېنىك.

رَقِيْقُ الْقَلْبِ: رەھىمدىل، ساخاۋەتلىك، خەير-ئېھسانلىق.

رَقِيْقُ الطَّبْعِ: مېھرى ئىسسىق، مۇلايىم، خۇش پېئىل.

رَقِيْقُ الشُّعُورِ: سېزىمچان، ھېسسىياتچان، سەزگۈر، چېچەن.

رَقِيْقُ الْحَالِ: كەمبەغەل، پېقىر، ئەھۋالى ناچار، نامرات، گاداي.

رَقِيْقُ الْجِسْمِ: نازۇك بوي، زىلۋا بويلۇق، ئىنچىكە بويلۇق.

رَقِيْقُ الجَانِبِ: مۇلايىم يۇمشاق، خۇشخۇي.

رَقِيقَةٌ ج رِقَاقٌ: نېپىز تاختا، پوست.

رَقِيمٌ: خەت، ئويۇلغان خەت.

«أَمْ حَسِبْتَ أَنَّ أَصْحَابَ الْكَهْفِ وَالرَّقِيمِ كَانُوا مِنْ آيَاتِنَا عَجَبًا» «قرآن»: ئەسھابۇلكەھفنى ۋە رەقىم (يەنى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختا) نى (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ قىزىقى دەپ قارىدىڭمۇ؟

رُقِيٌّ: يۇقىرى ئۆرلىمەك، ئۆسمەك، ئىلگىرىلىمەك، تەرەققىي قىلماق، كۆتۈرۈلمەك، گۈللىنىمەك.

«وَالْحُكُومَةُ تَعْمَلُ بِاسْتِمْرَارٍ عَلَى رُقِيِّ الْمَدِينَةِ»: ھۆكۈمەت شەھەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن داۋا-

لمىق ئىشلەيدۇ.

رَكَا يَرْكُو رَكْوًا الْأَرْضَ: يەرنى كولىدى، قازدى.

رِكَابٌ ج رُكُبٌ وَرَكَائِبُ: مىنىلگەن تۆگە، ئۇزەڭگە.

رِكَابُ الْأَمِيرِ: ئەمىرنىڭ سەپەردىكى مۇھاپىزەتچىلىرى (قوغدىغۇچىلىرى).

يَمْشِي فِي رِكَابِهِ: ئۇنىڭ سىپىگە كىردى، سەپكە قوشۇلدى، ... نىڭ قاتارىغا قوشۇلدى.

سَارَ فِي رِكَابِهِ: ئۇنىڭ سىپىگە كىردى، سەپكە قوشۇلدى، ... نىڭ قاتارىغا قوشۇلدى.

«وَصَلَتْ طَلَائِعُ الرَّكَائِبِ»: كارۋاننىڭ ئالدى يېتىپ ياردى.

رِكَازٌ ج رِكْزَانٌ: ئالتۇن كان؛ كۈمۈش كان؛ يەر ئاستى بايلىقى.

رُكَاكٌ: ئاجىز، زەئىپ، ناچار، ئىرادىسىز، بوش.

رَكَاكَةٌ: ناچار.

«فِي أُسْلُوبِهِ رَكَاكَةٌ»: ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ناچار.

رُكَامٌ: دۆۋە: توپلانغان بولۇت.

رُكَامُ النَّاسِ: كىشىلەر توپى، ئادەم دېڭىزى.

«أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يُزْجِي سَحَابًا ثُمَّ يُؤَلِّفُ بَيْنَهُ ثُمَّ يَجْعَلُهُ رُكَامًا» «قۇرئان»: كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قوشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى توپلايدۇ.

رَكَانَةٌ: تەمكىنلىك، سالماقلىق، سالاپەتلىك.

رَكِبَ يَرْكَبُ رُكُوبًا الشَّيْءَ: ئۈستىگە چىقتى، مىندى.

رَكِبَ الْفَرَسَ: ئاتقا مىندى.

«وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا» «قۇرئان»: ئاللاھ ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى.

رَكِبَ الْأَهْوَالَ: خەتەرگە تەۋەككۈل قىلدى، خېيىم-خەتەرنى بېشىدىن كەچۈردى.

رَكِبَ الْبَحْرَ: دېڭىز سەپىرى قىلدى.

رَكِبَ الْهَوَاءَ: ئايروپىلاندا سەپەر قىلدى، ئايروپىلاندا ئۇچتى.

رَكِبَ هَوَاهُ: ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلدى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى.

رَكِبَ رَأْسَهُ: ئويلىماستىن خالىغىنىنى قىلدى.

رَكِبَ الْغُرُورُ رَأْسَهُ: ئۆزىنى چوڭ تۇتتى، ئۆزىنى قالتىس ھېسابلىدى، مەن ـ مەنچىلىك قىلدى.

رَكِبَ الذَّنْبَ: جىنايەت ئۆتكۈزدى، گۇناھ قىلدى.

رَكِبَ الْفَحْشَاءَ: زىنا قىلدى، پاھىشە قىلدى.

رَكِبَ الدَّابَّةَ أَوْ عَلَى الدَّابَّةِ: ئۇلاققا مىندى.

رَكِبَ فِي السَّفِينَةِ: پاراخوتتا ئولتۇردى.

رَكِبَ فِي الْقِطَارِ: پويىزغا ئولتۇردى، پويىزغا چىقتى.

رَكِبَ الطَّائِرَةَ: ئايروپىلانغا ئولتۇردى.

رَكِبَهُ الدَّيْنُ: قەرزى كۆپىيىپ كەتتى، قەرزگە بوغۇلدى.

رَكِبَ الدَّيْنَ: قەرزنى كۆپ ئالدى.

رَكِبَ ذَنَبَ الرِّيحِ: ئالدىرىدى.

«رَكِبَ الشَّحْمُ بَعْضُهُ فَوْقَ بَعْضٍ»: ئۇنىڭ بەدىنىدە ماي يىغىلىپ قالدى.

رَكِبَ مَتْنَ الْعُنْفِ: قوپاللىق قىلدى.

رَكِبَ مَرْكَبَ الْخَطَلِ: ھاماقەتلىك قىلدى.

رَكِبَ الشَّطَطَ: ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش قىلدى.

رَكِبَ مَرْكَبًا صَعْبًا: جاپا ـ مۇشەققەتتە قالدى.

رَكِبَ مَرْكَبًا خَشِنًا: جاپا ـ مۇشەققەت چەكتى.

رَكِبَ الْأَثَرَ: ئەگەشتى.

رَكِبَ الْخَطَرَ: خەتەرگە تەۋەككۈل قىلدى، خەتەرگە ئۆزىنى ئاتتى.

رَكَبَهُ يَرْكُبُ رَكْبًا: تىزىغا ئۇردى، تىزى بىلەن ئۇردى.

رَكْبٌ ج أَرْكُبٌ ورُكُوبٌ وَرُكْبَانٌ: كارۋان.

«وَالرَّكْبُ أَسْفَلَ مِنْكُمْ» «قۇرئان»: (قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋەنكىلاردا ئىدى.

رَكَّبٌ: دۇۋسۇن.

رُكْبَانٌ: كارۋان.

سَارَتْ بِذِكْرِهِ الرُّكْبَانُ: ئىسمى داڭق كەتتى،

نامى تىللاردا داستان بولدى، داڭق چىقاردى.

«جَاءَتِ الرُّكْبَانُ بِالْبَضَائِعِ» : كارۋانلار مال كەلتۈردى.

رُكْبَةٌ ج رُكَبٌ وَرُكْبَاتٌ: تىز.

«هَذَا الأَمْرُ تَصْطَكُ لَهُ الرُّكْبَةُ» : بۇ، ئادەمنىڭ پۇتىنى سىرقىرىتىدىغان ئىش.

أَبُو رُكْبَةٍ: تۈگۈنەك قىچا.

أَبُو الرُّكَبِ: ئۇستىخان قىزىش؛ دىڭگى قىزىتمىسى.

أَبُوالرُّكْبَةِ: چامغۇر.

«عَلَتْ مِيَاهُ الأَمْطَارِحَتَّى غَطَّتِ الرُّكَبَ» : يامغۇر سۈيى ئۆرلەپ تىزغا چىقتى.

رَكَحَ يَرْكَحُ رَكْحًا إِلَى الشَّيْءِ أَوْعَلَيْهِ: يۆلەندى، ئاساسلاندى.

رَكَحَ يَرْكَحُ رَكُوحًا إِلَيْهِ: مايىل بولدى، بۇرالدى، ئۇنىڭغا سىغىندى، ئىلتىجا قىلدى.

رُكْحٌ ج أَرْكَاحٌ وَرُكُوحٌ : سەينا، مەيدان، ھويلا؛ تاغ بۇرجىكى، تاغ تەرىپى، ئاساس؛ راھىبنىڭ ھۇجرىسى، راھىبنىڭ خانىسى.

رُكْحَةٌ ج رُكَحٌ : سەينا، مەيدان، قورۇ، ھويلا.

رَكَدَ يَرْكُدُ رُكُودًا الْمَاءُ أَوالرِّيحُ: سۇ ياكى شامال توختاپ قالدى، توختىدى.

رَكَدَتِ السُّوقُ: بازار كاساتلاشتى.

رَكَدَتْ رِيحُهُمْ: ئۇلارنىڭ ئىشى ئارقىغا كەتتى، كۈچ - قۇۋۋىتى تۈگىدى.

رَكَدَ الْعَكَرُ: دۇغ قاچىنىڭ تېگىگە تىنىۋالدى.

رَكَدَ الْمِيزَانُ: تارازا تەڭپۇڭلاشتى.

رَكَدَتِ الشَّمْسُ: كۈن تىكلەشتى.

رَكَزَ يَرْكُزُ رَكْزًا الشَّخْصُ الرُّمْحَ: نەيزىنى قادىدى، نەيزىنى سانجىدى.

رَكَزَ الشَّخْصُ: ئەمكىن بولدى.

رَكَزَ شَيْئًا فِي شَيْءٍ: كىرىشتۈردى.

رَكَزَ الرُّمْحَ فِي الأَرْضِ : نەيزىنى يەرگە قادىدى.

رِكْزٌ : تىنىچ، جىمجىت، شۈك، مۇستەھكەم، قەتئىي.

رِكْزٌ ج رُكُوزٌ وأَرْكَازٌ: شەپە، تىۋىش، بوش تاۋۇش، بوش ئاۋاز.

«هَلْ تُحِسُّ مِنْهُمْ مِنْ أَحَدٍأَوْتَسْمَعُ لَهُمْ رِكْزًا» (قرآن) : ئۇلاردىن بىرەر ئەھەدىنى كۆرەلەمسەن؟ ياكى ئۇلاردىن بىرەر پەس ئاۋاز ئاڭلىيالامسەن؟

رِكْزَةٌ ج رِكَزٌ ورِكَازٌ: ھېكمەت، ئەقىل - پاراسەت؛ چاڭگىلاشتۇرۇلىدىغان خورما، ئۇنلىغان خورما.

رَكَسَ يَرْكُسُ رَكْسًا الشَّيْءَ : ئوڭدىسىغا قىلدى، ئۆرۈۋەتتى، ئۇچىنى - تۈۋىنى قىلىۋەتتى، ئەسلى ھالىتىگە قايتۇردى، ئالماشتۇردى، ئۆرۈدى.

رِكْسٌ: پاسكىنا، نىجىس؛ خەلق ئاممىسى، كىشىلەر توپى؛ يىرگىنىشلىك، ئىپلاس؛ كۆزۈرۈكلۈك، ۋاستە.

رَكَضَ يَرْكُضُ رَكْضًا: يۈگۈردى، چاپتى.

رَكَضَ وَرَاءَ الرَّجُلِ حَتَّى أَدْرَكَهُ: كەينىدىن يۈگۈرۈپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى.

رَكَضَ الْفَارِسُ الْفَرَسَ بِرِجْلَيْهِ: چەۋەنداز پۇتى بىلەن ئاتنى دىۋىتتى.

رَكَضَ مِنْهُ: تېز قاچتى، تىكىۋەتتى.

«إِذْ هُمْ مِنْهَا يَرْكُضُونَ» (قرآن) : ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ (كەلگەنلىكىنى) ھېس قىلغان چاغدا ئۇشتۇمتۇت قاچىدۇ.

رَكَضَ الشَّخْصُ: تەپتى.

«أُرْكُضْ بِرِجْلِكَ هَذَا مُغْتَسَلٌ بَارِدٌ وَشَرَابٌ» (قرآن) : ئۇنىڭغا «پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن» دېدۇق، «بۇ يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان، ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر».

رَكْضٌ: يۈگۈرمەك، چاپماق.

اَلرَّكْضُ وَرَاءَ الأَرْبَاحِ: پايدا قوغلاشماق.

اَلرَّكْضُ وَرَاءَ التَّسَلُّحِ: ھەربىي تەييارلىقلار مۇسابىقىسى.

رَكَعَ يَرْكَعُ رُكُوعًا: تەزىم قىلدى، رۇكۇ قىلدى، ئېڭىشتى، ئېگىلدى، ھۆرمەت بىلدۈردى، يۈكۈندى، تىزلاندى، بويسۇندى.

رَكَعَ أَمَامَهُ: ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى، ئۇنىڭغا چوقۇندى، يۈكۈلدى.

رَكْعَةٌ ج رَكَعَاتٌ: رەكئەت (نامازنىڭ رەكئىتى).

«فِي كُلِّ رَكْعَةٍ مِنَ الصَّلَاةِ رَكْعَةٌ وَسَجْدَتَانِ»: نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتى بىر قېتىم رۇكۇ قىلىش ۋە ئىككى سەجدىدىن ئىبارەت.

اَلصُّبْحُ رَكْعَتَانِ: بامدات ئىككى رەكئەت.

رَكَّ يَرِكُّ رَكًّا الشَّيْءُ: ئورۇقلىدى، جۇدىدى، ئاجىزلاشتى، زەئىپلەشتى.

«إِقْطَعِ الْحَبْلَ مِنْ حَيْثُ رَكَّ»: ئارغامچىنى ئىنچىكە (ئاجىز) يېرىدىن ئۈز.

رَكَّ الشَّيْءَ فِي عُنُقِهِ: ئۇنىڭغا مەسئۇلىيەتنى ئارتتى.

رَكَّ الْأُسْلُوبُ: ئۇسلۇب ناچار بولدى، ئۇسلۇب ئەپلەشمىدى، ئۇسلۇب كېلىشمىدى.

رَكَّ الْعِلْمُ: ئىلىم ئاز بولدى.

رَكٌّ ج أَرْكَاكٌ وَرِكَاكٌ: ئۆتكۈنچى يامغۇر، سىم - سىم يامغۇر؛ ئورۇق، ئاجىز، جۇدەڭ.

رَكَّاضٌ: يۈگۈرۈكچى.

رَكَّالٌ: كۆدىچى، كۆدە ساتقۇچى.

رَكَّبَ يُرَكِّبُ تَرْكِيبًا الطِّفْلَ عَلَى ظَهْرِهِ: بالىنى ئۈشنىسىگە مىندۈرۈۋالدى.

رَكَّبَ الشَّيْءَ إِلَى غَيْرِهِ: قوشتى، قوشۇۋەتتى.

رَكَّبَ الْأَشْيَاءَ: نەرسىلەرنى قۇراشتۇردى.

«اَلَّذِي خَلَقَكَ فَسَوَّاكَ فَعَدَلَكَ فِي أَيِّ صُورَةٍ مَا شَاءَ رَكَّبَكَ» «قرآن»: ئۇ سېنى ياراتتى (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلدى، سېنى ئۇ خالىغان شەكىلدە قۇراشتۇردى.

«رَكَّبْتُ عِدَّةَ قِطَعٍ مِنَ الْخَشَبِ لِصُنْعِ مَقْعَدٍ صَغِيرٍ»: كىچىك ئورۇندۇق ياساش ئۈچۈن بىر قانچە پارچە تاختاينى قۇراشتۇردۇم.

رَكَّبَ الْفَصَّ فِي الْخَاتَمِ: ئۈزۈككە كۆز قويدى.

رَكَّبَ الدَّوَاءَ: دورىنى ئارىلاشتۇردى، دورىنى قوشتى، دورىنى تەڭشىدى، دورا تەييارلىدى.

رَكَّبَ الْجُمْلَةَ: جۈملە تۈزدى، جۈملىنى قۇراشتۇردى.

اَلرِّكَّةُ: ئەنئەنىۋى، يەرلىك.

طِبُّ الرِّكَّةِ: ئەنئەنىۋى تېبابەت.

رَكَزَ يَرْكِزُ رَكْزًا الرُّمْحَ فِي الْأَرْضِ: نەيزىنى يەرگە قادىدى.

رَكَزَ عَلَيْهِ: تايانىدى، يۆلەندى، ئۈمىد باغلىدى.

رَكَّعَ يُرَكِّعُ تَرْكِيعًا: خارلىدى.

رَكَّلَ يُرَكِّلُ تَرْكِيلًا: تەپتى.

رَكَلَ يَرْكُلُ رَكْلًا الْفَرَسُ: ئات تەپتى، پەشۋالىدى.

رِكْلٌ: جۇسەي، كۆدە.

رَكْلَةٌ: تېپمەك، پەشۋا؛ بىر باغلام؛ كۆكتات.

«لَأُرْكِلَنَّكَ رَكْلَةً لَا تَأْكُلُ بَعْدَهَا أَكْلَةً»: سېنى بىر پەشۋا بىلەنلا قوپالماس قىلىۋېتىمەن.

رَكَمَ يَرْكُمُ رَكْمًا الشَّيْءَ: توپلىدى، يىغدى، جەملىدى.

«وَيَجْعَلَ الْخَبِيثَ بَعْضَهُ عَلَى بَعْضٍ فَيَرْكُمَهُ جَمِيعًا فَيَجْعَلَهُ فِي جَهَنَّمَ» «قرآن»: ئاللاھ ھەممە كۇففارلارنى ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن، دوزاخقا تاشلايدۇ.

رُكَمٌ: دۆۋە؛ قويۇق بۇلۇت.

رَكِنَ يَرْكَنُ رَكْنًا إِلَيْهِ: يۆلەندى، ئىشەندى، مايىل بولدى.

«وَلَا تَرْكَنُوا إِلَى الَّذِينَ ظَلَمُوا فَتَمَسَّكُمُ النَّارُ» «قرآن»: زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر.

رَكَنَ إِلَى الْهُدُوءِ: تىنچلاندى، خاتىرجەم بولدى.

رَكَنَ السُّلَّمَ إِلَى الْحَائِطِ: شوتىنى تامغا يۆلەپ قويدى.

رَكَنَ يَرْكُنُ رُكُونًا إِلَيْهِ: يۆلەندى، ئىشەندى، مايىل بولدى.

رَكُنَ يَرْكُنُ رَكَانَةً وَ رُكُونَةً: قەتئىي بولدى، تەمكىن بولدى، مۇستەھكەم بولدى، جىمىدى.

رُكْنٌ ج أَرْكَانٌ: بۇرجەك، بۇلۇڭ، بوي، ياقا، چەت؛ تۈۋرۈك، تىرەك، تايانچ، ئاساس، نېگىز، مۇھىم قىسمى، ئاساسىي قىسمى.

«جَلَسَ الطِّفْلُ فِي رُكْنِ الْغُرْفَةِ»: بالا ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇردى.

رُكْنُ الْمَرْأَةِ: ئاياللارغا خاس ئالاھىدىلىك.

تَوَلَّى بِرُكْنِهِ: هاكاۋۇرلۇق قىلىپ يۈز ئۆرىدى.

«فَتَوَلَّى بِرُكْنِهِوَ قَالَ سَاحِرٌأَوْمَجْنُونٌ» «قران»: پىرئەۋن ئۆز قوشۇنى بىلەن (ئىماندىن) يۈز ئۆرىدى ئۇ: «(مۇسا) سېھىرگەردۇر، ياكى مەجنۇندۇر» دېدى.

اَلْمَهِيبُ الرُّكْنِ: يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي مەنسەپ.

هُوَ رُكْنٌ مِنْ أَرْكَانِ قَوْمِهِ: ئۇ قەۋمىنىڭ چوڭ كىشىلىرىدىن بىرى.

رَئِيسُ أَرْكَانِ الْحَرْبِ: شتاب باشلىقى.

رَئِيسُ الْأَرْكَانِ الْمُفَوَّضِيَّةِ: كونسۇلخانا مەسئۇلى، ئەلچىخانا خادىمى.

أَرْكَانُ الْبِلَادِ: دۆلەتنىڭ ئۇلى.

اَلْأَرْكَانُ الْأَرْبَعَةُ عِنْدَ الْقُدَمَاءِ: قەدىمكىلەرنىڭ قارىشىچە ھاۋا، سۇ، ئوت، تۇپراقلارنى كۆرسىتىدۇ.

أَرْكَانُ الْحَرْبِ: شتاب، شتاب ئوفىتسېرى.

أَرْكَانُ الصَّلَاةِ: نامازنىڭ رۇكنىلىرى.

رُكْنَةٌ: بۇلۇڭ، يان، بۇرجەك.

رُكْنِيٌّ: بۇلۇڭغا مەنسۇپ؛ بۇلۇڭنىڭ، بۇلۇڭلۇق.

ضَرْبَةٌ رُكْنِيَّةٌ: ياندىن زەربە بەرمەك، يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماق، بۇلۇڭ توپى.

اَلرَّكُوبُ ج رُكُبٌ: مىنىلىدىغان ئۇلاغ.

«وَذَلَّلْنَاهَالَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَ مِنْهَايَأْكُلُونَ» «قرآن»: ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ.

اَلرَّكُوبُ مِنَ الطُّرُقِ: يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن يول، مېڭىلغان يول.

رَكُوبٌ وَرَكُوبَةٌ ج رَكَائِبُ: قاتناش قوراللىرى (ئات، ئېشەك، تۆگە؛ ماشىنا، پويىز، ئايروپىلان قاتارلىقلارغا ئوخشاش).

رُكُوبٌ: مىنمەك.

رُكُوبُ الْحِصَانِ: ئاتقا مىنمەك.

رُكُوبُ الْهَوَاءِ: ئايروپىلانغا چۈشمەك، ئايروپىلاندا سەپەر قىلماق.

رُكُوبُ الْبَحْرِ: كېمىدە ئولتۇرماق، دېڭىزدا سەپەر قىلماق.

رَكُوبَةٌ ج رَكَائِبُ: مىنىدىغان ئۇلاغ، مىنىشكە خاس ئۇلاغ.

مَالَهُ رَكُوبَةٌ وَلَاحَلُوبَةٌ: مىنىدىغان ئۇلىقى، ساغىدىغان كالىسى يوق، ھېچنېمىسى يوق، يالاڭتۆش.

رَكْوَةٌ ج رَكَوَاتٌ وَرِكَاءٌ: تۇلۇم، تورسۇق، قەھۋە چەينىكى؛ قېيىق؛ قولۋاق.

«مَلَأَ الرَّكْوَةَ بِالْمَاءِ وَتَرَكَهَاتَبْرُدُفِي الْهَوَاءِ»: قەھۋە چەينىكىگە سۇ تولدۇرۇپ ئۇنى ھاۋادا سوۋۇسۇن دەپ قويۇپ قويدى.

رُكُودٌ: توختاپ قالماق.

رُكُودُ الْأَعْمَالِ وَالتِّجَارَةِ: ئىش ھەرىكەت ياكى سودا تىجارەتنىڭ راۋاج تاپماسلىقى، تىجارەتنىڭ ئاقمىغانلىقى، سودىنىڭ كاساتلىقى.

رُكُودٌ اِقْتِصَادِيٌّ: ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇق.

رَكُوضٌ: مۇسابىقىلەشكۈچى، مۇسابىقىغا چۈشكۈچى.

رُكُوعٌ: تەزىم قىلماق، ئېگىلمەك، ئېگىشمەك، رۇكۇ قىلماق.

رُكُونٌ: ئىشەنچ قىلماق، تايانماق.

«يُضَايِقُنِي رُكُونُكَ إِلَى الْكَسَلِ»: سېنىڭ ھورۇنلۇققا مايىللىقىڭدىن ئىچىم تىت - تىت بولىدۇ.

رَكِيزَةٌ ج رَكَائِزُ وَرِكَازٌ: تۈۋرۈك، تىرەك، يۆلەنچۈك، يەرگە كۆمۈلگەن غەزىنە پارچىسى؛ مەركىزىي نۇقتا.

«اَلْأَمَانَةُوَالصِّدْقُ هُمَارَكِيزَتَاكَفِي عَمَلِكَ»: ھەققانىيەت بىلەن راستلىق سېنىڭ خىزمىتىڭدە يۆلىنىشكە تېگىشلىك ئىككى ئاساسىڭدۇر.

رَكِيكٌ ج رِكَاكٌ وَرَكَكَةٌ: ئاجىز، زەئىپ، ناچار، ئىرادىسىز، بوش.

رَكِيكُ الْعَقْلِ: كالتە پەم، ئەقلى تۆۋەن.

رَكِيكُ الْأُسْلُوبِ: ئۇسلۇبى ناچار.

رَكِيكُ الْعِلْمِ: ئىلمى ئاز، ئىلمى ئاجىز.

ثَوْبٌ رَكِيكُ النَّسْجِ: ناچار توقۇلغان كىيىم.

رَكِيكُ اللَّفْظِ: تۇزۇلۇشى ناچار جۈملە، چۈۋالچاق

جۈملە.

رَكِيْنٌ: مۇقىم، مۇستەھكەم، تەۋرەنمەس، ئېغىر - بېسىق، تەمكىن؛ ئېگىز تاغ.

جَبَلٌ رَكِينٌ: ئېگىز تاغ.

رَكِيَّةٌ ج رَكَايَا و رَكِيٌّ: قۇدۇق.

رَمَادٌ ج أَرْمِدَةٌ: كۈل.

هُوَ كَثِيرُ الرَّمَادِ: ئۇ، مەرد ئادەم، سېخى ئادەم.

أَنْتَ تَنْفَخُ فِي رَمَادٍ: پايدىسى يوق ئىشتا ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلىسەن.

رَمَادُ الشُّودا: ساپ شۇلتا، ئىشقار، سودا.

ذَرَّ الرَّمَادَ فِي الْعُيُونِ: كۆزگە توپا چاچتى (قايمۇقتۇردى).

رَمَادُ الْجُثَّةِ: جەسەت كۈلى.

«أَعْمَالُهُمْ كَرَمَادٍ اِشْتَدَّتْ بِهِ الرِّيحُ فِي يَوْمٍ عَاصِفٍ» «قرآن»: ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ.

رَمَادَةٌ: قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق.

عَامُ الرَّمَادَةِ: ھىجرىيىنىڭ 18 - يىلى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن قاتتىق قۇرغاقچىلىق.

«لَقَدْ حُبِسَ الْمَطَرُ عَامَيْنِ مُتَوَالِيَيْنِ فَأَصَابَتِ الْقَوْمَ رَمَادَةٌ»: ئىككى يىل ئۇدا يامغۇر ياغماي، قەھەتچىلىك بولۇپ كەتتى.

رَمَادِيٌّ: كۈلرەڭ.

«اَلْمِعْطَفُ الرَّمَادِيُّ رَخِيصُ الثَّمَنِ»: كۈلرەڭ پەلتۇنىڭ باھاسى ئەرزان.

«إِنَّهُ يَرْتَدِي حُلَّةً رَمَادِيَّةً هَذَا الْيَوْمَ»: بۈگۈن ئۇ كۈلرەڭ چاپان كىيىۋاپتۇ.

رِمَاقٌ: ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش ۋاستىلىرى.

رُمَاعٌ: جۈدەپ سارغىيىش كېسىلى.

رُمَامٌ: چىرىگەن، سېسىغان.

رِمَايَةٌ: ئاتماق، تاشلىماق، چۆرىمەك؛ ئوق چىقارماق.

مَيْدَانُ الرِّمَايَةِ: مەشىق ياكى مۇسابىقە مەيدانى، دوئېل مەيدانى.

فُلَانٌ بَطَلٌ فِي الرِّمَايَةِ: پالانى قارىغا ئېتىش چېمپىيونى.

رَمَأَ يَرْمَأُ رَمْأً بِالْمَكَانِ: مەلۇم ئورۇندا تۇردى، توختىدى، تۇرۇپ قالدى.

رَمَأَ الْخَبَرَ: تىڭ تىڭلىدى، ئۇقۇشتى، سۈرۈشتە قىلدى.

